مۇھاجىرى

# ئىسلام ئەقىدىسىدىن ساۋات

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئا.قاسىم

www.munber.org
E-Mail: webmaster@munber.org

مۇھاجىرى

# ئىسلام ئەقىدىسىدىن ساۋات

ئىسلام ئەقىدىسىدىن ساۋات

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى



## مۇندەرىجە


مۇندەرىجە ........................................ 2

كىرىش سۆز ........................................ 3

مۇقەددىمە ........................................ 6

ئىسلام ئەقىدىسى ۋە پەلسەپە ........................... 6

بىرىنچى باب ........................................ 15

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ............................. 15

ئىككىنچى باب ........................................ 32

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش .......................... 32

ئۈچىنچى باب ........................................ 45

الله نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش .................. 45

تۆتىنچى باب ........................................ 78

الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش .............. 78

بەشىنچى باب ........................................ 102

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرش ....................... 102

ئالتىنچى باب ........................................ 124

ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش .................. 124

يەتتىنچى باب ........................................ 138

ئىماننى يوققا چىقىرىدىغان ئىشلار ...................... 138

خاتىمە ........................................ 157

ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ............................. 157


www.munber.rog

## كىرىش سۆز

ئىنسانىيەت ئېلېكتىرون دەۋرىنى، ئۇچۇر ئىنفورماتسىيە دەۋرىنى بېسىپ، بىلىم ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى يەنىلا پۈتۈن دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى جەلپ قىلىۋاتقان بىر مۇھىم تېما بولۇپ تۇرماقتا.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر ساھەدە مەنتىقىۋى ئىسپاتلاندى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى ئىلىم-پەن ئەھلىنىڭ كۆزىنى ئالا-چەكمەن قىلىۋەتتى، نەتىجىدە بىر قىسىم ئالىملار قۇرئان كەرىم اللە نىڭ ۋەھىيسى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇسۇلمان بولدى، بەزىلىرى بولسا بۇ پاكىتلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي لىۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قېلىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇۋاتقانلارنىڭ سانى تېزلىكتە كۆپەيدى، ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، كۇفرىنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئامېرىكا ئاۋازى ئۆزبېك رادىيوسىنىڭ 2000-يىلى ئاڭلاتقان بىر خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، 1997-يىلى ئامېرىكا ئاھالىسىدىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ مىليون

www.munber.rog





بولۇپ، 2000-يىلى بۇسان يەتتە مىليونغا يەتكەن. ھازىر باشقا غەرب ئەللىرىدە ئىسلام تېخىمۇ جانلانماقتا.

دېمەك، ھازىرقى دەۋرىمىزدە پۈتۈن دۇنيا ئىسلامنى ئىلمىي پاكىت ئاساسىدا چۈشىنىپ بەس-بەستە قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر مىللىتىچۇ؟ ئاز ساندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىڭ يىللار مابەينىدە ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ھەق دىنىدىن بارغانچە يىراقلىشىۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار، ئەمما شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى: بۇنىڭ نېگىزلىك سەۋەبى ئىسلامنىڭ ئەقىدىۋى قىسمىغا بولغان چۈشەنچىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدۇر.

پەقەت ئىسلام ئەقىدىسىنى چۈشىنىپ يەتكەندىلا ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇنداق ئىمان ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ، كىشىنى ئىككى دۇنيادا نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىسلامى قېرىنداشلىرىمغا ۋە ئىسلامغا قىزىققۇچىلارغا بۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار دېگەن ئۈمۈتتە، اللە نىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ قولىڭىزدىكى "ئىسلام ئەقىدىسىدىن ساۋات" ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

ئىسلام ئەقىدىسى-تەتقىقات تېمىسى كەڭ دائىرىلىك بولغان بىر پەن بولۇپ، بۇ كىتابتا نۇقتىلۇق قىلىپ ئىماننىڭ رۈكنىلىرى (پەرھىزلىرى) ھەققىدە توختالدىم،

www.munber.rog

كىتابنى يېزىشتا، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئىشقا رىئايە قىلدىم.

1 ـ بۇ كىتاب، ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ساۋات بولغاچقا، كىتابخانىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئىگەللىۋېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاشتا، ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبنى قوللاندىم، مۇرەككەپ بەس ـ مۇنازىرىلەرگە ئىچكىرىلەشتىن ساقلاندىم.

2 ـ ھەر خىل سەۋىيەدىكى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۆز ـ ئىبارىلەرنى، ئاممىباپ تىل بىلەن كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم.

3 ـ كىتابنىڭ ئىخچام بولۇشى ئۈچۈن، مەزمۇننى ئىپادىلەشتە، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاشنى ئاساس قىلدىم.

4 ـ كىتابنىڭ غول مەزمۇنىدىن يىراقلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، پەلسەپە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغاندا، پەقەت ھەرقايسى ئېقىملار قاراشلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى قەيت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم.

ئازغىنە دەسمايەم بىلەن بۇ ساۋاپلىق ئەمما مۇشكۈل ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، الله تىن مەغپىرەت ۋە مەدەت تىلەيمەن! الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەدەت بەرگۈچىدۇر.



www.munber.rog



## مۇقەددىمە

### ئىسلام ئەقىدىسى ۋە پەلسەپە

1 ـ ئىسلام ئەقىدىسى:

ئەقىدە ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئېتىقاد قىلىش، كۆز قاراش دېگەن مەنىدە.

ئىسلام ئەقىدىسى دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، بۇنىڭدىن، مەۋجۇداتنى ئىسلام نۇقتىسى نەزىرىدىن تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس پەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى تەۋھىد، يەنى بىر الله قا ئېتىقاد قىلىش.

الله ئىنسانىنى يەر يۈزىگە چۈشۈرگەندىن تارتىپ، ھەر بىر دەۋردە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىنسانلارنى بىر الله قا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرغان. ئۇزاق تارىختىن بۇيان ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى بىر الله قا ئېتىقات قىلىشقا چاقىرىپ كەلدى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنى بىر الله قا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىشمۇ مانا شۇ چاقىرىقنىڭ داۋامىدۇر. ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ رەسمىي پەن سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى بولسا، ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلانغان، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە سىرتقا



www.munber.rog

كېڭىيىشى ئارقىسىدا تۈرلۈك ئېتقاد ۋە تۈرلۈك كۆز قاراشتىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، نەتىجىدە ھەرخىل غەرەزلەر بىلەن قىلىندىغان بەس-مۇنازىرىلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى نەزىرىيە جەھەتتىن ئىزاھلاپ ھەر خىل مىللەت ۋە ئىرقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئىلمى ئاساستا قايىل قىلىش، ئىسلام ئۆلمالىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيتى بولۇپ قالدى. ئىسلام ئالىملىرى ئىسلام دىنىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئىنسانىيەت تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئىنچىكە ئىلغاپ قوبۇل قىلىپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئېتقادى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى پەن ”ئىسلام ئەقىدىسى“ يەنى ”ئىلمى تەۋھىد“ مەيدانغا كەلدى.

ئىسلام ئەقىدىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ: الله نىڭ زاتى، الله نىڭ ئىسىم سۈپەتلىرى ۋە پۈتكۈل مەۋجوداتنىڭ ئومومى ماھىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پەن.

ئۇنىڭ مۇنداق بىرنەچچە خىل ئاتىلىشى بار:

1 - «العقيدة الإسلامية» (ئىسلام ئەقىدىسى) ئىسلام دىنىنىڭ ئېتقادى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان.



www.munber.rog



2 - «علم الكلام» ھەرخىل مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش، رەددىيە بېرىش قاتارلىق جەريانلار، كۆپۈنچە سۆزلەش ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان بولغاچقا بۇ پەن «علم الكلام» يەنى سۆز ئىلمى دەپ ئاتالغان.

3 - «علم التوحيد» بۇ پەننىڭ تەتقىقات تېمىسى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا الله نى بىر دەپ ئېتقاد قىلىش بولغاچقا، بۇ پەن «علم التوحيد» يەنى الله نى بىر دەپ ئېتقاد قىلىش ئىلمى دەپ ئاتالغان.

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى - الله اننىڭ زاتى، ئۇنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرى ۋە پۈتكۈل مەۋجۇدات يەنى پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ساماۋى كىتابلار، ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئەھۋاللار، تەقدىر مەسىلىسى ۋە ماددىي دۇنيانىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2 - پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

پەلسەپە دېگەن سۆز ئەسلى يونان تىلىدىكى سۆز بولۇپ «سۆيۈش»، «ئەقىل - پاراسەت» دېگەن مەنىدە، ئۇ، قۇللۇق جەمئىيەتتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئېڭىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان، قۇللۇق جەمئىيەتكە كەلگەندە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى دۇنيانىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى يەنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىدىن ئىبارەت.



www.munber.rog

پەلسەپە ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتە مۇكەممەللىشىپ، مۇنداق ئىككى چوڭ ئېقىمغا مەركەزلەشكەن.

1). ماتېرىيالىزىم: بۇ خىل ئېقىم ـ دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا دەپ قارايدۇ، بۇ ئېقىمنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇرەككەپ قانۇنىيەتكە تولغان دۇنيا ئەڭ دەسلەپكى ماددىنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىقلا پەيدا بولۇپ قالغانمىش.

ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەن ساددا ماتېرىيالىزىم تەلىماتى بويىچە مۇنداق ئىدى: «دۇنيا بىر ياكى بىر نەچچە ئىپتىدائىي ماددىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن، ئاخىرى يەنە شۇنىڭغا قايتىدۇ».

كېيىنكى ماتېرىيالىستلار بۇنى ئىنكار قىلىپ «جەمى شەيئىلەر مۇستەقىل، جىمجىت ئۆزگەرمەس ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزگۈرىشى پەقەت ئاددىي ئۆسۈش جەريانى بولۇپ، ئۇ تەرەققىي قىلمايدۇ.» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار قاراشلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى، ماركس (1818 ـ 1883) بىر قاتار ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «دۇنيانىڭ ماھىيىتى ماددا. ئاڭ ماددىنىڭ ئىنكاسى ۋە مەھسۇلى، ماددا بىرلەمچى ئاڭ ئىككىلەمچى، دۇنيادىكى شەيئىلەر ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى





شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت ۋەھاكازالار» ماركىزىمچىلار «بىز دېئالېكتىكا بىلەن ماتېرىيالىزمنى بىرلەشتۈردۇق» دەپ ھېسابلاپ ماركس تەلىماتلىرىنى «دېئالېكتىك ماتېرىيالىزم» دەپ ئاتاشتى. ماھىيەتتە ئۇلار دېئالېكتىكىنى سۇئى ئىستېمال قىلىپ ئۇقۇملارنى بۇرمىلاپ نەيراڭۋازلىق بىلەن قىسقا ۋاقىت كىشىلەرنى جەلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇزاققا بارمايلا ئاتالمىش «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم» دۇنيانىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىلدى. ئۇنىڭ دەۋر سۈرگەن مەزگىلى بىر يېرىم ئەسىرگىمۇ بارالمىدى. ئۇ ئەسلىدىلا بىر تالاي قۇرۇق سەپسەتە ئىدى خالاس.

2). ئىدىيالىزم: بۇ ئېقىمنىڭ تەلىماتى مۇنداق: «دۇنيانىڭ مەنبەسى مۇتلەق روھ، ئۇ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئالەمدىكى جەمئى نەرسە مۇتلەق روھ ئۆزگىرىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ئۇ ئاخىرى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ ۋەھاكازالار».

ئىدىيالىزم: روھنى كىشىلەرگە بېقىنمىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان «مۇتلەق روھ» دەپ تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزم ۋە مەۋجۇداتنىڭ ئاساسىي بولغان روھ شەخسنىڭ تۇيغۇسى ۋە تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان سوبيېكتىپ ئىدىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنگەن. مەيلى ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزم بولسۇن مەيلى سوبيېكتىپ ئىدىيالزم بولسۇن



www.munber.rog

هەر ئىككىسىنىڭ تەلىماتى پۈتۈنلەي ئاساسسىز بولۇپ، ئۆزۈل - كېسىل زالالەتتۇر.

### 3 - ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن پەلسەپەنىڭ مۇناسىۋىتى:

يوقىرىدا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە پەلسەپە بىلەن قىسقا تونۇشۇپ ئۆتتۇق ئۇنداقتا ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بۇ خىل پەلسەپىۋى تەلىماتلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟.

شۇنى كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئىسلام ئەقىدىسى پەلسەپە ئەمەس! يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەر خىل پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ مەھسۇلىمۇ ئەمەس.

ئۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ الله ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئارقىلىق تەكتىلەپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئەقىدە! ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەتكە يۈزلىنىشى ياكى نىجاتلىقتا ئېرىشىشىنىڭ بىردىنبىر شەرتى بولغان بۈيۈك ئەقىدە!. ئۇ ئىسلامنى چۈشەنمەي تۇرۇپ كەلسە - كەلمەس بىلجىرلايدىغان بىر قىسىم ئەخمەقلەر ئېيتقاندەك ئىدىيالىزم ئەمەس، ماتېرىيالىزم تېخىمۇ ئەمەس ئۇ پەقەت ئىسلام ئەقىدىسىدۇر.

دېمەك پەلسەپە بىلەن ئىسلام ئەقىدىسى باشقا - باشقا نەرسە بولۇپ تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1). ئوتتۇرىغا چىقارغان تەلىماتىنىڭ ئىزچىل بولۇش - بولماسلىقىدا ئوخشىمايدۇ.



www.munber.rog



ئىسلام ئەقىدىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى بىر الله قا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ نۇقتىئىنەزەردە ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، قىلچە تەۋرىنىشى يوق، بەلكى، ئىنسان تەپەككۇرى تەرەققى قىلغانسىرى ئىسپاتلىنىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشماقتا.

پەلسەپە بولسا، مەيلى ئىدىيالىزمچىلار بولسۇن، مەيلى ماتېرىيالىزمچىلار بولسۇن، ھەر بىر دەۋردىكىلەر ئۆزىدىن ئىلگىرىكى قاراشلارنى بىرمۇ - بىر ئىنكار قىلىپ ماڭغان.

2). داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدا روشەن پەرق قىلىدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم پەيدا بولۇپ بىرىپىرىم ئەسىرگە بارمايلا يوقۇلۇش باسقۇچىغا بېرىپ قالدى. ئىسلام ئەقىدىسى بولسا، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىنى قويۇپ تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن ھېسابلىغاندىمۇ 14 ئەسىردىن ئاشتى. ھالبۇكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ.

3). ئاساسلانغان دەلىلىنىڭ ئىلمىي بولۇش - بولماسلىقىدا ئوخشىمايدۇ. پەلسەپە ئۆز كۆز - قاراشلىرىنى دەلىللەشتە تەسەۋۋۇر ۋە پەرەزگە تايىنىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بولسا قۇرئان، ھەدىستىن ئىبارەت نەقلى ئاساسقا تايىنىش بىلەن بىرگە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتەك، ئىلمىي بولغان ئۇسلۇبتا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

پەلسەپە بىلەن ئىسلام ئەقىدىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق



www.munber.rog

بۇلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس. قىسقىسى، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدىغان ئىككى نەرسە بولۇپ، بىرى سەپسەتە يەنە بىرى ھەقىقەتتۇر.

4 ـ ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆگىنىشنىڭ پايدىلىرى:

1). ئىماننىڭ مۇستەھكەملىنىشى.

بىز ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق الله نىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىتلار بىلەن تونۇشۇش نەتىجىسىدە الله قا بولغان ئىمان ـ ئېتىقادىمىز ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، تەۋرەنمەس ئەقىدىگە ئايلىنىدۇ. الله نىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىمىز ئايدىڭلىشىپ، خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرانى پەرق ئېتىش سەۋيىمىز ئاشىدۇ. پەيغەمبەر، پەرىشتە، ساماۋى كىتاب، ئاخىرەت كۈنى ۋە تەقدىر قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان مەلۇماتىمىز چوڭقۇرلىشىدۇ. ھەمدە شەيئىلەرگە بولغان كۆز ـ قارىشىمىز توغرىلىنىپ ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

2). شېرىكتىن ساقلىنىش.

بىز ئىسلام ئەقىدىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى پۇختا ئىگەللىۋالغىنىمىزدا، الله نىڭ رۇبۇبىييەت يەنى يارىتىش ۋە باشقۇرۇش، ئۇلۇھىييەت يەنى ئىبادەتكە ھەقلىق بولۇش ۋە ئىسىم سۈپەتلىرى جەھەتلەردە بىر دەپ بىلىشتىن ئىبارەت. تەۋھىد قارىشىمىز



www.munber.rog



چوڭقۇرلىشىپ، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىمىزدە الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنالايمىز.

3). باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش.

بىز ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن قۇراللانغاندىن كېيىن ئۆزىمىز ھەر ـ خىل ئىسلامغا زىت قىلمىشلاردىن ساقلىنىپلا قالماي، ئۆزىمىزدە بۇ نىجاتلىق يولىغا باشقىلارنىمۇ يېتەكلەشتىن ئىبارەت دەۋەت خىزمىتىگە شەرت ھازىرلىيالايمىز.

4). دىن دۇشمەنلىرىگە رەددىيە بېرىش.

بىز ئىسلام ئەقىدىسى تەلىماتلىرىنى ئەقلى ۋە نەقلى دەلىللەر ئاساسىدا ئىگەللەپ، بۇ ئارقىلىق دىنىمىزغا ھەرخىل غەرەز بىلەن مۇنازىرە قىلىۋاتقانلارنى مەنتىقى يول بىلەن قايىل قىلالايمىز، ياكى مەغلۇب قىلالايمىز.

5). تېخىمۇ چوڭ پايدىسى الله نىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.



www.munber.rog

# بىرىنچى باب

## ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

**1 ـ الله نىڭ مەۋجۇتلىقى.**

ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئەڭ نۇقتىلىق مەسىلە الله نىڭ مەۋجۇتلىقى مەسىلىسى. بۇ مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ ئىسلام ئەقىدىسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداقتا الله مەۋجۇتمۇ؟ ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قانداق ئىسپاتلايمىز؟

كائىناتتىكى، تەبىئەتتىكى ھەر بىر شەيئى الله نىڭ مەۋجۇتلىقىغا روشەن پاكىت بولالايدۇ. ھەر بىر شەيئى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىغا پاكىت بولالىغاچقا الله نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتلىرى ناھايىتى كۆپ.

بىز مەيلى ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە ياكى ھايۋاناتلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلمايلى، مەيلى ئالەم بوشلىقىنى ياكى يەرنىڭ تېگىنى تەكشۈرمەيلى ۋە ياكى ئىنساننىڭ بەدىنىنى ئانالىز قىلمايلى ئېرىشىدىغىنىمىز پەقەت الله نىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش. دېمەك الله نىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھەر قانداق بىر تەتقىقات نۇقتىسىدىن



www.munber.rog



ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئالەم بوشلىقىغا قاراپ باقايلى بىز دائىم بوشلۇقتا قۇياش، ئاي ۋە ھەر خىل يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز، ئەگەر تېلىسكوپ ياكى باشقا ئاسترونومىيلىك ئەسۋابلار بىلەن بوشلۇقنى كۆزىتىدىغان بولساق تېخىمۇ كۆپ جىسىملارنى كۆرەلەيمىز. بىز ئاددى كۆز ۋە ئەسۋابلار بىلەن كۆرگەن جىسىملارنىڭ ھەممىسى ئاسمان جىسىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تەرتىپسىز قالايمىقان ئەمەس بەلكى ئىنتايىن مۇرەككەپ تەرتىپ ۋە مۇكەممەل قانونىيەتكە ئىگە.

بىز ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان قۇياشنى ئېلىپ ئېيتساق ئۇ بىر تۇرغۇن يۇلتۇز. ئۇنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان توققۇز چوڭ سەييارە (نۇۋەتتە يېڭى سەييارىلەر ئۆزلۈكسىز بايقالماقتا) بىر مىڭ سەككىز يۈزدىن ئارتۇق كىچىك سەييارە، ئەللىكتىن ئارتۇق ھەمرا، مىڭدىن ئارتۇق قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بار. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇپ قۇياش سېستىمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇياشقا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان ئەزالىرى بولغان تۇرغۇن يۇلتۇزدىن بىر يۈز ئەللىك مىليارد سېستىما بىرلىشىپ يەنە بىر چوڭ سېستىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىنىڭ سەۋىيەسى ئون مىليارد نۇر يىلى دائىرىسىنى كۆزىتەلەيدىغان سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، بۇ دائىرىدە يوقىرىدا تىلغان ئېلىنغان بىر يۈز ئەللىك مىليارد سېستىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ



www.munber.rog

سىستېمىدىن بىر مىلياردتىن ئارتۇقى بارلىقى بايقالغان. تېلېسكوپلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ئاشقانسېرى يېڭى يۇلتۇزلار سىستېمىلىرى داۋاملىق بايقالماقتا. ئالەم بوشلۇقىدا ئىنسانلار تېخى بايقىيالمىغان قانچىلىك ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بارلىقىنى الله نىڭ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ سانسىزلىغان ئاسمان جىسىملىرى ھەربىرى ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئوربىتىسىدا تۇراقلىق تېزلىكتە توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ھەمرالار سەييارىلەرنى، سەييارىلەر ئۆز ھەمرالىرىنى بىللە ئېلىپ تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى، تۇرغۇن يۇلتۇزلار بولسا ئۆز ئەزالىرىنى بىللە ئېلىپ يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ مەركىزىنى، بۇ بىر پۈتۈن سىستېما ئۆز تەرتىپىنى بۇزماي يەنە بىر چوڭ سىستېمىنىڭ مەركىزىنى. . . ئىنتايىن مۇرەككەپ تەرتىپ بىلەن قانۇنىيەتلىك رەۋىشتە توختىماي ئايلىنىپ تۇرىۋاتقان مۇنداق ئاجايىپ بەدىئىي كۆرۈنۈش قانداقمۇ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالالايدۇ؟ ھالبۇكى بۇلارنىڭ بەزىسى قاتتىق جىسىم بەزىلىرى كۆيۈپ تۇرغان ئوتتىن ئىبارەت جانسىز نەرسە تۇرسا، جانسىز جىسىمنىڭ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدىكى مۇرەككەپ ئورۇنلىشىشى ۋە تەرتىپلىك ھەرىكىتى قانداقسىگە ئۆزلىكىدىن بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنداق دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ بۇنداق سىرلىق مەنزىرىنى قانداقمۇ ئۆزلىكىدىن بولۇپ قالىدۇ دېگىلى بولسۇن؟ مەشھۇر فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى نيۇتون مۇنداق دەيدۇ: «قۇياش، پىلانېت، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ مۇنداق

www.munber.rog





ئاجايىپ ئورۇنلىشىشى، ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن» - «پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن كىتاب 355 - بەت.

قۇرئان كەرىمدىكى پەننىي مەلۇماتلارمۇ الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۈچلۈك پاكىتى بولالايدۇ.

قۇرئان كەرىم الله نىڭ كالامى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارغا دىنى جەھەتتە كۆرسەتمە بېرىدىغان كىتاب بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنىڭ الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن پەننى مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يېڭى دەۋردە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى تېخىمۇ نامايەن بولماقتا. ئىلىم - پەن ئالىملىرى ئەسىر - ئەسىرلەپ تەتقىقات يۈرگۈزۈپ 19 - 20 - ئەسىرلەردە يەكۈنلىگەن بىر قىسىم تەبىئىي پەن كۆز قاراشلىرىنىڭ 7 - ئەسىردە نازىل بولغان قۇرئان كەرىمدە ئاللىقاچان بايان قىلىنغانلىقى كىشىنى «قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەس بەلكى ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ سۆزى ئىكەن» دېگەن قاراشقا ھەيرانلىق ئىچىدە قايىل قىلىدۇ. ئاتوم نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ زەررىچىلەرگە بۆلۈنىشىنىڭ ئىسپاتلىنىش جەريانى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئىلىم - پەن تارىخىدىن مەلۇمكى قەدىمكى گرېك ئاتوم نەزەرىيىسىدىن تارتىپ، تاكى 19 - ئەسىردىكى دالتوننىڭ يېڭى ئاتوم نەزەرىيىسىگىچە بولغان نەزەرىيەلەرنىڭ ھەممىسىدىلا «ئاتوم ئەڭ كىچىك بۆلۈنمەس

www.munber.rog

زەررىچە، ئۇنىڭدىن كىچىك زەررىچە مەۋجۇت ئەمەس» دەپ قارىلىپ كەلگەن. ھەمدە ئالىملار بىردەك ھالدا بۇ قاراشقا شەكسىز ئىشىنىپ كەلگەن ئىدى. پەقەت 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاتومنىڭ زەررىچىلەرگە بۆلۈندىغانلىقى ئىلىم ـ پەندە ئىسپاتلاندى، ئاتوم ئەڭ كىچىك زەررىچە دېگەن تەلىمات ئاغدۇرلۇپ ئاتومدىنمۇ كىچىك زەررىچىنىڭ مەۋجوت ئىكەنلىكى بايقالدى.

ئاتومدىن كىچىك زەررىچىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق قەيت قىلىنغان: ﴿وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَلَا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾ ﴿ئاسمان زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن ھېچقايسىسى الله نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرلەنگەندۇر﴾ سۇرە يۇنۇس 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئايەتتىكى ”ذرة“ سۆزى ئايەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ”ذرة“ دەپ ئېلىنغان بولۇپ بۇ سۆز ئاتومنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئەرەب تىلىدا ئاتوم ”زەررە“ دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى مىلادى 632 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشقان. قۇرئان كەرىم نازىل



www.munber.rog



بولغان 7 ـ ئەسىر بىلەن ئىلىم ـ پەن ساھاسىدە ئاتومنىڭ بۆلۈنۈشى ئىسپاتلانغان 20 ـ ئەسىرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە ئۇزاق تۇرسا قۇرئان كەرىمدىكى ئاتومدىن كىچىك زەررىچە ھەققىدىكى بۇ بايان قەيەردىن كەلدى؟ بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى بىر الله تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. دېمەك الله نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت.

## 2 ـ الله نىڭ سۈپەتلىرى:

بىز يوقىرىدىكى الله نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەقلى خۇلاسە بىلەن ئىسپاتلاپ چىقتۇق. دېمەك الله مەۋجۇت ئۇنداقتا ئۇ قاندق مەۋجۇت؟ ئۇ قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە؟ گەرچە الله نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇ ياراتقان مەخلۇقاتتىكى ئالامەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ قانداق سۈپەتتىكى زات ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەقلي خۇلاسە بىلەنلا يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەقلي خۇلاسە ئۈچۈن دەلىل ـ ئىسپات كېرەك. ئۇنداقتا ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ دەلىلى زادى نەدە؟

يونان پەيلاسوپلىرى ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلىغانغا ئوخشاش ئەقلى تەپەككۇر بىلەنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ دەپ قاراپ،



www.munber.rog

مەخلۇقنىڭ سۈپەتلىرىنى خالىققا قىياس قىلدى، نەتىجىدە ئۇلار ئىدىيالىزمنىڭ خالتا كوچىسىدا گاڭگىراپ قالدى.

ئىسلام ئەقىدىسى بولسا ھەر قانداق مەسىلىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن مۇئامىلە قىلىدۇ. الله نىڭ سۈپەتلىرىنى قىياس يولى بىلەن بىلگىلى بولمىغان ئىكەن. ئۇنى ئۆزىنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىنىڭ سۆزلىرى (يەنى ھەدىس) دىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت مۇشۇ ئىككى مەنبە ئارقىلىق، الله نىڭ قانداق سۈپەتتىكى زات ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىسى بۇ خىل سەمئىييات (ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپنىقلىغىلى بولمايدىغان) مەسىلىلەردە پەقەت الله نىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنى ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ سۆزى ھەدىسنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە الله نىڭ نۇرغۇن سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان، تۆۋەندە بۇ سۈپەتلەردىن بىر نەچچىسىنى كەلتۈرىمىز:

التوحيد : الله نىڭ يەككە ـ يېگانە زات ئىكەنلىكى.

ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە بىر كۈنى بىر قىسىم مۇشرىكلەر رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كېلىپ « ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۈپىتىنى بىزگە دەپ باققىن، ئۇ ئالتۇندىنمۇ؟ كۆمۈشتىنمۇ؟ زۇبەرجەتتىنمۇ؟ ياكى



www.munber.rog



ياقۇتتىنمۇ؟ دېيىشتى شۇ ھامان ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. . . ﴾ ﴿ئېيتقىنكى الله بىردۇر. . . ﴾ دېگەن سۈرە نازىل بولدى (''سەفۋەتۇتتەفاسىر'' دىن ئېلىندى. )

الله قۇرئان كەرىمدە سۈرە ئەنبىيا 22 ـ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾ ﴿ئەگەر ئاسمان زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، كائىناتنىڭ تەرتىپى ئەلۋەتتە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى﴾.

قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇ ھەقتە كۆپ تەكىتلەنگەن بولۇپ الله نى بىر دەپ بىلىش مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ساغلام بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇنداقلا الله قا ئىمان كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۇ ئاساسلىق مۇنداق ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(1) توحيد الربوبية

(2) توحيد الألوهية

(3) توحيد الأسماء والصفات

(1) توحيد الربوبية دېگەننىڭ مەنىسى الله تائالا بىردىنبىر پەرۋەردىگار دېگەن مەنىدە بولۇپ ئۇنىڭ ئاساسى مەزمونى: الله پۈتۈن كائىناتنى ئۆزى يالغۇز ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى يەنى يارىتىش، باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىش، ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، كۆپەيتىش، كەمەيتىش،



www.munber.rog

ئــۆلتۈرۈش ۋە تىــرىلدۈرۈش جۈملىســـدىن هــەرقانداق هادىسات يىگانە الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا يۈز بېرىدۇ دەپ ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

الله پــۈتكۈل ئالەملــەرنىڭ پەرۋەردىگــارى ئىكــەنلىكى هەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ:تۆۋەندە بۇ ئايەتلەرنىڭ بىر نەچچىسنى كەلتۈرىمىز: ﴿ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ تَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ ﴾ ﴿ئاگاھ بولغىنكى يارىتىش ۋە ئەمرى قىلىش (يەنى كائىناتنى باشقۇرۇش) الله نىڭ ئىلكىدە دۇر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى ئۈستۈندۇر﴾ [سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت] ﴿فللّه الْحَمْدُ رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَرَبِّ الْأَرْضِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر﴾ [سۈرە جاسىيە 36 ـ ئايەت] ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿بارچە مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر﴾ [سۈرە فاتىھە 2 ـ ئايەت]

(2) توحيد الألوهية دىگەننىڭ مەنىسى ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان زات پەقەتلا بىر الله دىگەن بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىبادەت تۈسىنى ئالغان ھەرقانداق ئۇلۇغلاشنى پەقەت بىر الله غىلا مەنسۇپ دەپ بىلىش دىگەندىن ئىبارەت.

شۇڭا"توحيد الألوهية، توحيد العبادة" دەپمۇ ئاتىلىدۇ





الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتقان تۆۋەندىكى ئايەتلەر «توحيد الألوهية» مەزمونىدىكى ئايەتلەر قاتارىدىندۇر.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ [سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت]

﴿مَا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِهِ إِلَّا أَسْمَاءً سَمَّيْتُمُوهَا أَنْتُمْ وَآَبَاؤُكُمْ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ بِهَا مِنْ سُلْطَانٍ إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ أَمَرَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، الله (ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن ھەققىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله قىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، مانا بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى(بۇنى) بىلمەيدۇ﴾ [سۈرە يۈسۈف 40 ـ ئايەت]

﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت،

ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر﴾ [سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت]

"توحيد الألوهية" قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە تەكىتلەنگەن بولۇپ بۇ تەۋھىد ھەققىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ تەۋھىددىن چەتنەپ كېتىشى كۆپۈنچە ھاللاردا "توحيد الألوهية" دە كۆرۈلگەن ۋە كۆرۈلمەكتە شۇڭا بىز تەۋھىدنى بولۇپمۇ "توحيد الألوهية" نى ياخشى ئۆگىنىپ تەۋھىددىن چەتنەپ كېتىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، سەدىقە بېرىش، ھەج قىلىش، قوربانلىق قىلىش، جىھات قىلىش، دۇئا تىلاۋەت قاتارلىقلار ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلا بولۇپ، بۇ خىل ئەمەللەرنى پەقەت خالىس الله ئۈچۈن قىلغاندىلا ئاندىن "توحيد الألوهية" گە ئويغۇن بولغان بولىدۇ.

3 ـ توحيد الأسماء والصفات

بۇ دېگەنلىك ـ الله نىڭ بارلىق كامالەت سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئىسىملىرى پەقەت يالغۇز الله قىلا خاس دەپ تونۇش دېگەنلىكتۇر. بىز بۇ خىل تونۇشنى توغرا شەكىلدە تونۇش ئۈچۈن چۇقۇم الله قۇرئان كەرىمدە ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ھەمدە الله نىڭ پەيغەمبىرى سەھىھ ھەدىسلەردە الله قا نىسبەت بەرگەن سۈپەتلەرنى ئىنكارسىز،



www.munber.rog



بورمىلىماي، ھېچنەرسىگە قىياس قىلماي (يەنى ئوخشاتماي) ۋە بېكار قىلىۋەتمەي ئەينەن ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم، شۇنداقلا الله نى ھەرقانداق ئەيىب ـ نوقسان ۋە ئۇنىڭ كامالىتىغا زىت بولغان سۈپەتلەردىن پاك دەپ بىلىشىمىز "توحيد الأسماء والصفات" نىڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىندۇر.

الحياة ـ ھايات

الله تائالا ھاياتتۇر. الله نىڭ ھايات سۈپىتى ئۆز ئۇلۇغلۇقىغا لايىق بولغان ھايات سۈپىتى بولۇپ، باشقا ھەر قانداق ھاياتلىققا قىياس قىلىنمايدۇ. نەپەسلىنىش، ئوزۇقلىنىشقا ئوخشاش شارائىتلارغا ئېھتىياجلىق بولمايدۇ، مۆگدەپ قالمايدۇ، ئۇيقۇ تۇتمايدۇ، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش قاتارلىق جەريانلاردىن خالى ئەزەلى ھاياتتۇركى ئەبەدى ـ ئەبەد يوقالمايدۇ. بۇ ھەقتە الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ﴾ ﴿بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۆگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ﴾ [سۈرە بەقەر 255 ـ ئايەت]

﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِي لَا يَمُوتُ﴾ ﴿ئەبەدى ئۆلمەيدىغان ھايات الله قا تەۋەككۇل قىلغىن﴾ ـ سۈرە فۇرقان 58 ـ



www.munber.rog

ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

« لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ كُلُّ شَيْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُ »« الله تىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقۇلىدۇ »

الله ئۆز زاتىدا ۋە بارلىق سۈپەتلىرىدە هېچ نەرسىگە ئوخشاش ئەمەسلىكى قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئ. ورۇندا قەيت قىلىنغان.

﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ ﴿هېچ شەيئى الله قا ئوخشاش ئەمەس، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ﴾ [سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

العلم- بىلىش

الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

الله نىڭ بىلىشى ئىنسانلارنىڭ بىلىش سۈپىتىگە ئوخشاش، بىلىش جەريانى ۋە زامان، ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بىلىش بولماستىن، بەلكى الله نىڭ ئىلاھى سۈپىتىگە لايىق بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇكەممەل بىلىش سۈپىتىدۇر. ئاددىيرەك قىلىپ ئېيتساق ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كېلىدىغان زامان مەلۇماتلىرى الله نىڭ بىلىش سۈپىتى ئالدىدا باب ـ باراۋەر بولۇپ ھەممىسىنى ھازىر كۆرۈپ تۇرغاندەك ئېنىق بىلگۈچىدۇر. ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئاشكارىنى،



www.munber.rog



مەخپىينى ۋە دىللاردا كەشكەننى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

الله نىڭ بىلىش سۈپىتى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر بار تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇنىڭ قاتارىدىن.

﴿يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ﴾ ﴿الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئاخىرەتتە ئۇلار ئۇچۇن تەييارلانغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ [سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

﴿يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ إِنَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾ ﴿الله ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر﴾ سۈرە ھود 5 ـ ئايەت.

الكلام – سۆزلەش

الله سۆزلىگۈچىدۇر ـ ئىنسانلارغا ئوخشاش تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆزىگە لايىق بولغان سۆزلەش سۈپىتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر.

الله موسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا سۆزلىگەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇ مىراجقا چىققاندا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە « سىدرەتۇل مۇنتەھا » دا سۆزلىگەن ھەمدە باشقا پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۆزى خالىغان شەكىلدە (مەسىلەن: پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن) سۆزلىگەن.



www.munber.rog

اللہ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ الرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ مِنْهُمْ مَنْ كَلَّمَ اللَّهُ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَاتٍ ﴾ ﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، اللہ ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى، بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتەردى﴾ [سۈرە بەقەرەنىڭ 253 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

السمع البصر ـ ئاڭلاش، كۆرۈش

اللہ ئاڭلىغۇچىدۇر ـ ئىنسانلارغا ئوخشاش قۇلاق، ئاڭلاش پەردىسى، هاۋا قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى ياكى رادىئو قوبۇللىغۇچ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆزىگە لايىق بولغان ئاڭلاش سۈپىتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىشى ئاڭلاش ئەزالىرىغا قاراشلىق بولغاندىن سىرت ئارلىقنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، ئاۋازنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن هاۋا بولۇش، ۋە ئۇنىڭدىن باشقا هەر خىل شارائىتقا قارىتا هەر خىل ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمىگە مۇهتاج بولىدۇ. هاۋاسىز بوشلۇقتا پائالىيەت قىلىدىغان ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنى ئالساق قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرسىمۇ هېچنىمىنى ئاڭلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە ئاۋاز تارقىلىدىغان هاۋا يوق، شۇڭا ئالەم بوشلۇقىدىكى هاۋاسىز مۇهىتتا مەخسۇس ئالاقە ئۈسكىنىسى ئارقىلىقلا سۆزلەشكىلى بولىدۇ. ئالەم ئۇچقۇچىلىرى كوسمۇستا نەچچە سانتىمېتىر ئارلىقتا بىر ـ



www.munber.rog



بىرىگە يۈزمۇ ـ يۈز قارىشىپ تۇرۇپمۇ مەخسۇس ئۈسكۈنە بولمىسا سۆزلىشەلمەيدۇ. اللہ نىڭ ئاڭلاش سۈپىتى بولسا بۇ خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچراشتىن يۈكسەك ۋە ئۈستۈندۇر. ئۇ پەقەت اللہ نىڭ ئىلاهى بۈيۈكلىكىگە لايىق بولغان ئۆزىگە خاس ئاڭلاش سۈپىتىدۇر.

اللہ هەممىنى كۆرگۈچىدۇر. كۆرۈش يوقىرىدا دېگەنگە ئوخشاشلا چەكلىمىسىز ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇكەممەل كۆرۈشىدۇركى، يىراق ـ يېقىن، قاراڭغۇ ـ يورۇق ۋەهاكازالارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئۆزىگە خاس ئىلاهى كۆرۈش سۈپىتىدۇر.

اللہ نىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سۈپىتى قۇرئان كەرىمدە ئىنتايىن كۆپ بايان قىلىنغان بولۇپ بۇ هەقتە ئايرىم نەقىل كەلتۈرۈشتىن بىزنى بىهاجەت قىلىدۇ.

القدرة ـ اللہ نىڭ قۇدرىتى

اللہ هەممىگە قادىردۇر هېچبىر شەيئىي اللہ نى ئاجىز قالدۇرالمايدۇ. اللہ نىڭ قۇدرىتى ئالدىدا هەرقانداق ئىش ئاسان ياكى قىيىن دەپ تۈرگە ئايرىلمايدۇ بەلكى هەممىسى ئوخشاشلا اللہ قا ئاساندۇر، قەتئىي هالدا شۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇكى اللہ نىڭ قۇدرىتىنىڭ چېكى يوق. اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعْجِزَهُ مِنْ شَيْءٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ إِنَّهُ كَانَ عَلِيمًا قَدِيرًا﴾ ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى هېچ نەرسە اللہ نى



www.munber.rog

ئىلاجىسىز قالدۇرالمايدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ھەممىگە قادىردۇر﴾ [سۈرە فاتىر 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

قۇرئان كەرىمدە ۋە سەھىھ ھەدىستە الله نىڭ نۇرغۇن ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان بۇ سۈپەتلەردىن بىر قىسمىنى تۆۋەندە ئىخچام زىكرى قىلىمىز.

الله بارلىق شەيئىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگۈچىدۇر، ئۇ ئۆز زاتىدا ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە مەۋجۇداتنى يارىتىش ۋە باشقۇرۇشتا. ئىبادەتكە مۇستەھەق بولۇشتا ھېچ شېرىكى يوقتۇر، ئۇ ئەزەلدىنلا مەۋجۇتتۇر، مەۋجۇتلىقىدا ھېچ نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس، ئۇ ئەبەدىي ـ ئەبەد باقىدۇركى ھەرگىز يوقالماستۇر، ئۇ بىرىكىش ۋە پارچىلىنىشتەك ماددى جەرياندىن خالىدۇر، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىدۇر، ئىنتايىن مېھرىباندۇر ۋە قاتتىق ئازاب قىلغۇچىدۇر، خالىغىنىنى توسالغۇسىز ئىجرا قىلغۇچىدۇر، يۈكسەك دەرىجىدە ئادىلدۇر، ئۇ ئۆلۈككە جان ئاتا قىلغۇچىدۇر، خالىغاننىڭ جېنىنى ئالغۇچىدۇر، ھەممىگە رىزقى بەرگۈچىدۇر، قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرگۈچىدۇر ياخشىلىققا ساۋاپ، يامانلىققا جازا بەرگۈچىدۇر، ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. . . پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى الله دۇر، بارلىق كامالەت ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر، ئۇ بارچە نۇقساندىن پاكتۇر.



www.munber.rog

ئەقىدە
ئىسلام ئەقىدىسىن ساۋات

## ئىككىنچى باب

### پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

الله نىڭ بىر تۈرلۈك ئىتائەتمەن، ھۆرمەتلىك بەندىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار پەرىشتىلەردۇر. پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكى، دەلىلى قەتئىييە بىلەن ئىسپاتلانغان ئىماننىڭ بىر روكنىسى بولۇپ بۇنى ئىنكار قىلغۇچى گەرچە ئىماننىڭ باشقا روكنلىرىنى ئېتىراپ قىلغان تەغدىردىمۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآَخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ ﴿كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن ئۇ (ئىسلامدىن) بەكمۇ يىراققا ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ﴾ [سۈرە نىسا 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى بىردەك ھالدا، يۇقىرلارنىڭ بىرىگە ئىنكار قىلىش، ھەممىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ دەپ تەپسىرلىگەن.

پەرىشتىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار، سەمئىييات( ۋەھى يولى بىلەنلا بىلىگىلى بولىدىغان مەلۇماتلار)دائىرىسىگە كىرىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسى بۇ ھەقتە



www.munber.rog

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسنى ئاساس قىلىدۇ.

**1) پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى**

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلغان ۋاقتى ئېنىق بايان قىلىنمىغان، ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتتىكى بايانلاردىن پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىش ۋاقتى ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىش ۋاقتىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله پەرىشتىلەرگە مەن يەر يۈزىدە خەلىفە (يەنى بىر ـ بىرىگە ئورۇنباسار بولۇپ ياشايدىغان ئادىمى زاتىنى) يارىتىمەن دېدى﴾ سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت.

الله تائالانىڭ ئادەمنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغاندا پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلغانلىقىدىن مەلۇمكى پەرىشتىلەر ئادەمدىن بۇرۇن يارىتىلغان.

پەرىشتىلەرنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك ئىمام مۇسلىمنىڭ ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ ھەقتە بىزگە يېتەرلىك: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار ئوتتىن يارىتىلدى، ئادەمنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقى سىلەرگە مەلۇم. »

**2). پەرىشتىلەرنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى**

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە پەرىشتىلەرنىڭ بەدەن



www.munber.rog



شەكلى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بولمىسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ قاناتلىق بولىدىغانلىقى ۋە ھەر خىل شەكىلدە ئۆزگىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم، الله تائالا ئىنسانىنى خالىغانچە ھەرىكەتلىنەلەيدىغان قىلىپ ياراتقاندەك، پەرىشتىلەرنى ئۆزلىرى خالىغان شەكىلگە ئۆزگىرەلەيدىغان قىلىپ ياراتقان، ئۇلارنىڭ بىرەر شەكىلگە ئۆزگىرىشى ئىنسانىنىڭ پۈت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكىگە ئوخشاشلا تەبىئىي ۋە ئادەتتىكى بىر ئىش.

پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىق يارىتىلغانلىقى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان بار:

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَاعِلِ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ يَزِيدُ فِي الْخَلْقِ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈلگىسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى الله قا خاستۇر. الله يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ [سۈرە فاتىر 1 ـ ئايەت].

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە:رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئالتە يۈز



www.munber.rog

قاناتلىق ھالەتتەكۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئېيتىلىشچە بۇ جىبرىئىلنىڭ ئەسلى ھالىتى بولۇپ رەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇشۇ ھالىتىدە ئۆمرىدە ئىككى قېتىملا كۆرگەن.

3). پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىيىتى.

پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى، يەنى ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئالدىدىكى ئورنى، ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىلىش بىزگە ناھايىتى مۇھىم، بولمىسا ئۇلارنى كەمسىتىش ياكى ھۆرمەت قىلىشتا ئاشۇرىۋېتىش ھەتتا ئۇلارنى الله قا شېرىك قىلىۋېتىشتەك خاتا كۆز قاراش كېلىپ چىقىدۇ.

پەرىشتىلەر بولسا الله نىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرى بولۇپ الله قا بىجانىدىل ئىتائەت قىلىش ئۇلارنىڭ تەبئىي مىجەزىدۇر. ئۇلاردا الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش تۇيغۇسى مەۋجۇت ئەمەس، پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُكْرَمُونَ لا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ❖ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ ولا يَشْفَعُونَ إِلا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾

﴿(ئۇلار، يەنى مۇشرىكلار) الله نىڭ (پەرىشتىلەر) دىن بالىسى بار دېيىشتى. الله (بۇنىڭدىن) پاكتۇر (پەرىشتىلەر بولسا الله نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر، ئۇلار الله قا



www.munber.rog



ئالدىن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئۇلار الله دىن قورقۇپ تىترەپ تۇرىدۇ. ﴾ [سۈرە ئەنبىيا 26 ـ 27 ـ 28 ـ ئايەت]

4). پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى

پەرىشتىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى بار:

بەزىلىرى مەخسۇس ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، بەزىلىرى كائىناتتىكى تۈرلۈك ئىشلارغا مۇئەككەل قىلىنغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغانلىرى: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى يەتكۈزۈشكە، مىكائىل ئەلەيھىسسالام يامغۇرغا، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۈرنى پۈلەشكە، مەلەكۇل مەۋت (جان ئالغۇچى پەرىشتە) جان ئېلىشقا مەسئۇل؛ بۇ پەرىشتە قۇرئان ۋە ھەدىستە مەلەكۇل مەۋت يەنى (جان ئالغۇچى پەرىشتە) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ ئەزرائىل دېگەن ئاتالغۇ سەھىھ مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەزرائىل دېگەن ئىسىم جان ئالغۇچى پەرىشتىنىڭ ئىسمى بولۇپ ئومۇملىشىپ قېلىشى، ئېھتىمال باشقا مەنبەلەردىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ئەگەر بۇ، يەنى ئىسرائىلدىن كەلگەن ئاتالغۇ بولسا بۇنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما پاكىت قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى



www.munber.rog

رەسۇلۇللاھ «بەنى ئىسرائىلدىن سۆز قىلساڭلار گۇناھ بولمايدۇ دېگەن» [«قۇرئان كەرىم تەپسىرى» نىڭ باش قىسمىغا قارالسۇن).

بۇلار تۆت مۇقەررەپ پەرىشتە دېيىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ھەر ئىنسان ئۈچۈن كۈندۈزى ئىككى، كېچىسى ئىككى پەرىشتە دائىم بىللە بولۇپ، بۇلار كىرامەن كاتىبىن دېيىلىدۇ. الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَافِظِينَ ❖ كِرَامًا كَاتِبِينَ ❖ يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ﴾

﴿شەكسىزكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە كۆزەتكۈچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار(الله نىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ (سىلەرنىڭ سۆز ئەمەللىرىڭلارنى) يېزىپ تۇرىدۇ. قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾ [سۈرە ئىنفىتار 10 ـ 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر]

بۇلاردىن باشقا يەنە قەبرىدە سوراق قىلغۇچى مۇنكەر ـ نەكىر دەپ ئاتىلىدىغان پەرىشتىلەر، زېمىندا ھەددىدىن ئاشقان قەۋملەرگە ئازاب ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتىلەر، ئەرشنى كۆتەرگۈچى پەرىشتىلەر، جىھاد مەيدانلىرىدا مۆئمىنلەرگە الله نىڭ نۇسرىتىنى ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتىلەر، شەھىتلەرگە جان ئۈزەر ۋاقتىدا جەننەتتىن خوش ـ خەۋەر بەرگۈچى پەرىشتىلەر. . .

پەرىشتىلەرنىڭ بىز تېخى خەۋەر تاپمىغان ھەر خىل ۋەزىپە ۋە ئەمەللىرى بار.



www.munber.rog



5). پەرىشتىلەرنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرى.

پەرىشتىلەر ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستىكى بايانلارنى مۇنداق يىغىنچاق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ: پەرىشتىلەر الله نىڭ ئىتائەتمەن، ھۆرمەتلىك بەندىلىرى بولۇپ، نۇردىن يارىتىلغان بولغاچقا نۇرغۇن تەبىئەتلىرى ئىنسانلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ: ئۇلار يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ، جۈپلەشمەيدۇ، ئەركەك چىشى دەپ جىنسقا ئايرىلمايدۇ، ئۇلاردا شەھۋەت ۋە ھاۋايى ھەۋەس تۇيغۇسى يوق، الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. الله نېمىگە بۇيرىسا شۇنى ئەستايىدىل ئورۇنداش، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئەخلاقى، ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى سەزەلمەيدۇ. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قىياس قىلىپ بىلگىلى بولمايدۇ، پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بايانلار ئارقىلىقلا ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولالايمىز.

مۇلاھىزە:

1) ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن» دېدى. ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى زېمىندا)



www.munber.rog

بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان كىشىلەرنى (خەلىپە) قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ بىلىمىز دېدى. الله ئېيتتى: « مەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن » ﴾ [سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سورىغان سوئالى پەرىشتىلەرنىڭ ئادەملەرگە تارلىق قىلغانلىقى ياكى الله قا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان دەپ چۈشىنىش خاتا چۈشەنچىدۇر.

چۈنكى پەرىشتىلەر بولسا يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىتائەتچان بەندىلەر بولۇپ الله قا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئەمەس بەلكى الله نىڭ ئالدىدا سۆز ئېچىشتىنمۇ ئەيمىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە "پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىتى" دېگەن باپتا ئۆگىنىپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا پەرىشتىلەرنىڭ يۇقىرىقى سوئالنى سورىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟

پەرىشتىلەر الله نىڭ ھەر قانداق ئىشنى قىلسا ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان زات ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار قان تۆكۈش، پاسات قىلىشتەك تەبىئەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەم ئەۋلادىنى زېمىندا خەلىپە قىلىشتا الله نىڭ قانداق ھېكمىتى بارلىقىغا قىزىقىپ شۇنداق سوئال سورىغان. دېمەك بۇ سوئالدىن مەقسەت الله نىڭ ئادەم يارىتىش ۋە ئۇنى خەلىپە قىلىشتىكى ھېكمەت سىرلىرىغا قىزىقىش شۇ ئارقىلىق الله نىڭ قۇدرەت كامالىتىغا بولغان



www.munber.rog



قايىللىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

الله بۇ ھەقتىكى ھېكمەتلىرىنى پەرىشتىلەرگە رېئاللىقتىكى ۋەقەلەردىن ئەينەن كۆرسىتىش ئۇچۇن بەزى ۋاقىتلاردا ئاسماننىڭ پەردە توساقلىرىنى ئېچىۋېتىپ پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا الله مال چارۋىدا بەرىكەت ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ھەر قېتىم مىڭلىغان مال ـ چارۋىلارنى قۇربانلىق قىلاتتى (بەزى خاتىرىلەردە ھەر قېتىمدا مىڭ تۆگە قۇربانلىق قىلاتتى دېيىلىدۇ) الله ئۇنى يەنىمۇ سىناشنى ئىرادە قىلىپ سەكسەن ياشقا كىرگىچە بالا يۈزى كۆرمەي ئاندىن تاپقان بىرگىنە يالغۇز ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەمرىنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە قىزغىن قوبۇل قىلىپ ئەمدىلا ئىشقا يارىغۇدەك بولغان ئوغلى ئىسمائىلنى يېنىچە ياتقۇزۇپ بوغۇزلاشقا تەمشەلگەن چاغدا ئەنە شۇ الله قا بولغان يۈكسەك ئىخلاس ۋە الله نىڭ پەرمانىنى چىن دىلىدىن قىزغىن سۆيۈپ بەجا كەلتۈرۈشنىڭ رېئاللىقتىكى گەۋدىلىنىشى بولغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ الله قا ئىتائەت قىلىدىغان قەلبلەرگە مەڭگۈلۈك ئۆلگە بولۇپ قالغان ئاشۇ كۆرۈنۈشنى الله پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدە ئادەم ئەۋلادىنى ئىزباسار قىلىشتىكى ھېكمەتلىرىنى ئۇلارغا چۈشەندۈردى. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:



www.munber.rog

﴿فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ﴾

﴿ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللەنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، الله خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن﴾ [سۈرە سافقات 102 ـ ئايەت]

روزىدار ئادەم ئىپتارغا يېقىن ئىپتارلىقنى داستىخانغا تەييار قىلىپ ئىپتار ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىدا الله يەتتە قات ئاسماننىڭ توساق پەردىلىرىنى ئېچىۋېتىپ ئۆز بەندىسىنىڭ ئىتائەتمەنلىك بىلەن اللە نىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھالىتىنى پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئادەمنى خەلىفە قىلىشتىكى ھېكمەتلىرىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرىدۇ.

2) الله تائالا ئادەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەندىن كېيىن بارلىق پەرىشتىلەرنى ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشقا بۇيرىغاندا



www.munber.rog



بارلىق پەرىشتىلەر سەجدە قىلغانلىقى، پەرىشتىلەر ئارىسىدىكى ئىبلىسنىڭ سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ، پەرىشتىلەر ئۆز تەبىئەتلىرىدىلا اللە قا ئىتائەت قىلىدىغان بەندىلەر تۇرسا ئۇلار ئىچىدىن اللە نىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغۇچى بىراۋ (يەنى ئىبلىس) چىقىپ قالدىغۇ؟

بۇ سوئالنىڭ يېشىمى ئىبلىسنىڭ يەنى ئىبلىسنىڭ كېلىپ چىقىشى پەرىشتىمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەككى ئىبلىسنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى پەرىشتە ئەمەس. ئۇ ئەسلىدە جىنلارغا مەنسۇپ بىر مەخلۇق ئىدى ناھايىتى بىلىملىك ۋە قاتتىق ئابىد ئىدى. الله ئۇنىڭ بۇ ياخشى تەرەپلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ پەرىشتىلەر بىلەن بىللە تۇرۇشنى بۇيرىغان ۋە ئۇزۇن زامان پەرىشتىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان، الله ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن بارلىق پەرىشتىلەرنى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبلىسمۇ بار ئىدى) ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغاندا ھەممە پەرىشتىلەر دەرھال الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنداپ سەجدە قىلدى، ئىبلىس بولسا تەكەببۇرلۇق قىلىپ الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى، نەتىجىدە ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدىن قوغلاندى قىلىنىپ مەڭگۈگە يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدىكى، الله نىڭ بەندىلىرى قانداق ئىرق، قانداق تائىپىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىلىم ۋە



www.munber.rog

تەقۋالىق بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش بىلەن خارلىققا قالىدۇ. مانا بۇ الله نىڭ بەندىلىرىگە تۇتقان يولىدۇر، مانا بۇ ئىسلامنىڭ تەڭلىك باراۋەرلىك پىرىنسىپىدۇر. ئىبلىسنىڭ ئەسلى پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى جىنلاردىن ئىكەنلىكى ھەققىدە «صفوت التفاسر» نىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئەلى سابونى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

- پەرىشتىلەر الله قا ئاسىيلىق قىلمايدۇ بۇ ھەقتە الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

﴿ئۇلار الله بۇيرىغان ئىشلاردا خىلاپلىق قىلمايدۇ، بۇيرىغاننى بەجا كەلتۈرىدۇ﴾ سۈرە تەھرىم. ھالبۇكى ئىبلىس پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپلىق قىلدى.

- پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان (بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىسنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق) شەيتان بولسا ئوتتىن يارىتىلغان ئوت بىلەن نۇرنىڭ تەبىئىتى ئوخشىمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئىبلىسنىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى ئۆز تىلىدىن بايان قىلىنغان؛ پەرىشتىلەر باللىق بولمايدۇ، ئىبلىس بولسا باللىق بولغان، بۇ ھەقتە الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ﴾



www.munber.rog



﴿مېنى قويۇپ، شەيتاننى ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى دوست تۇتامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر﴾ [سۈرە كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

- ئىبلىسنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، جىنلاردىن ئىكەنلىكىگە الله نىڭ مۇنۇ سۆزى يېتەرلىك:

﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق ئۇلار ھەممىسى سەجدە قىلدى پەقەت ئىبلىس سەجدە قىلمىدى ئۇ جىنلاردىن ئىدى شۇڭا پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾ [سۈرە كەھف 50 ـ ئايەت].



www.munber.rog

# ئۈچىنچى باب

## ﷲ نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئىماننىڭ يەنە بىر مۇھىم روكنىسى ﷲ نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش. ﷲ نىڭ كىتابلىرى دېگەندىن ﷲ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان ساماۋى كىتابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ﷲ تائالا ھەر بىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب نازىل قىلغان. ﷲ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللَّهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ وَأَنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ فِيمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ وَمَا اخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا الَّذِينَ أُوتُوهُ مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ﴾

﴿ئىنسانلار (ئەسلى) بىر ئۇممەت ئىدى (يەنى ھەممىسى ھەق دىندا ئىدى كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى). ﷲ (ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن) خوش خەۋەر بەرگۈچى (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەق كىتابنى





نازىل قىلدى﴾ [سۈرە بەقەرە 213 ـ ئايەت].

دېمەك ﷲ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا ئىنسانىيەتنى توغرا دىنغا يېتەكلەش ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە باشلاش ئۈچۈن تارىختىن بويان نۇرغۇن كىتابلارنى نازىل قىلغان بولۇپ، بىزنىڭ بۇلارغا ئىمان كەلتۈرىشىمىز پەرھىزدۇر. بۇ كىتابلاردىن قۇرئان كەرىمدە ئىسمى ئاتالغاللىرى تۆۋەندىكىلەر.

1). تەۋرات ـ تەۋرات موسا ئەلەيھىسسالامغا ﷲ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابدۇر.

بارلىق ساماۋى كىتابلاردا ئورتاق بولغان بىر مەزمون تەۋھىد ئېتىقادىدۇر، جۈملىدىن تەۋراتمۇ ئەسلى تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل قىلىنغان. ئۇ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا شۇ دەۋرگە مۇۋاپىق بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ﷲ تەرەپتىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار، ھەمدە ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقى ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان.

2). ئىنجىل ـ ئىنجىل بولسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ﷲ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئۇنىڭدىمۇ تەۋھىد ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىگە خاس بولغان ئەھكاملار كىشىلىك تۇرمۇشتىكى گۈزەل ئەخلاق قاراشلىرى ھەمدە ئەيسا



www.munber.rog

ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەر يەنى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدىكى بېشارەتلەر ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان.

3). زەبۇر ـ زەبۇر داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

ئۇستاز ئەللامە مۇھەممەد سالىھ قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە تەپسىرىدىكى ئىزاھات قىسمىدا زەبۇر ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿زەبۇر قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ الله نى ئۇلۇغلاشنى ۋە الله قا بولغان ھەمدۇسانالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، داۋۇت ئەلەيھىسسالام خوش ئاۋاز بولۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن زەبۇرنى تىلاۋەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئېرىتىۋېتەتتى﴾ [قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 616 ـ بەت].

4). قۇرئان كەرىم ـ قۇرئان كەرىم ھازىر يەر يۈزىدىكى الله نازىل قىلغان پۈتى ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ساماۋى كىتابتۇر. قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئىنشاالله كېيىن تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

يۇقىرىقى تۆت كىتاب الله ئىنسانلارغا نازىل قىلغان ساماۋى كىتابلار ئىچىدىكى قۇرئان كەرىمدە نامى تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردۇر؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەر قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ



www.munber.rog



تەپسىلى مەزمۇنىدىن مەلۇمات بېرىلمىگەن.

يۇقىرىقى كىتابلار قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان:

﴿الم ❖ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ ❖ نَزَّلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنْزَلَ التَّوْرَاةَ وَالْإِنْجِيلَ ❖ مِنْ قَبْلُ هُدًى لِلنَّاسِ وَأَنْزَلَ الْفُرْقَانَ إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ اللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ﴾

﴿الم الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر الله ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر (ئى مۇھەممەد) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى الله) ساڭا نازىل قىلدى، ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلار) نى نازىل قىلدى. شۈبھىسىزكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ [سۈرە ئىمران 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر].

﴿وَلَقَدْ فَضَّلْنَا بَعْضَ النَّبِيِّينَ عَلَى بَعْضٍ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى بەزىسىنى بەزىلىرىدىن ئۈستۈن قىلدۇق ۋە داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾ [سۈرە بەنى ئىسرائىل 55 ـ ئايەت]

﴿إِنَّ هَذَا لَفِي الصُّحُفِ الْأُولَى ❖ صُحُفِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى﴾



www.munber.rog

﴿بۇ (ۋەز نەسىھەتلەر) شەك - شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا، ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدە باردۇر﴾ [سۈرە ئەئلا 18 - 19 - ئايەتلىرى]

يۇقىرىقى ئايەتلەردە تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان ۋە زەبۇر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى قاتارلىقلار زىكرى قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان نۇرغۇن كىتابلار نازىل قىلىنغانلىقى بۇ كىتابلارغا ئىنكار قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇڭا مۆئمىن ئادەم چوقۇم اللە نازىل قىلغان بارلىق كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشى پەرھىزدۇر.

بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى اللە تەرەپتىن كەلگەن دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز. ئۇنداقتا ھازىر قايسى كىتابنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىندۇ؟

شۇنى كېسىپ ئېيتىمىزكى بۇ كىتابلار ئىچىدە ھازىر ئىنسانلار ئىجرا قىلىشقا ھەقلىق بولغىنى پەقەتلا قۇرئان كەرىمدۇر.

بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

1). زەبۇر ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان سەھىپىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ھازىر ھېچقانداق قالدۇق يوق بولۇپ بىزگە پەقەت نامىلا مەلۇم، شۇڭا بۇ كىتابلارغا ئەمەل قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.



www.munber.rog



2). تەۋرات، ئىنجىلدىن ئىبارەت ئىككى كىتابقا كەلسەك ئۇزۇن ۋاقىتتا تەۋرات ۋە ئىنجىل نۇسخىلىرى كۆپ قېتىم كۆچۈرۈلگەنلىكى ۋە ھەر قېتىملىق كۆچۈرۈلۈشتە كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، ئىزاھلاش، قىسقارتىش قاتارلىق نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچۇرغانلىق سەۋەبلىك اللە نازىل قىلغان ئەھكاملاردىكى ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. ئەمەل مەنسەپ ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ اللە نىڭ كىتابى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەن ئەھلى كىتابلار ھەققىدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقًا يَلْوُونَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَابِ لِتَحْسَبُوهُ مِنَ الْكِتَابِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

﴿ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن تىللىرىنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە بۇ اللە تەرەپتىن نازىل بولغان دەيدۇ ھالبۇكى ئۇ اللە تەرەپتىن نازىل بولغان ئەمەس؛ ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ اللە نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾ [سۈرە ئىمران 78 - ئايەت].

3). يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن باشقا، پەقەت قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىلا كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقىغا مۇنۇ دەلىل



www.munber.rog

يېتەرلىكتۇر:

الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى تۇتقان يولى شۇنداقكى: ھەر قاچان الله تەرەپتىن بىر كىتاب نازىل قىلىنسا ئالدىنقىسى مەنسۇخ بولىدۇ (يەنى ئەمەلدىن قالىدۇ) چۈنكى الله ئالدىنقى كىتابتىن داۋاملىق كۆچكە ئىگە بولىدىغان مەزمونلارنى كېيىنكى كىتابتا قايتا تەكىتلەيدۇ. قالغىنىنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق يېڭى ئەھكاملارنى قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كىتاب ئالدىنقىسىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ- دە ئالدىنقىسىغا ئەمەل قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. قۇرئان كەرىم بولسا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى.

شۇڭا خۇلاسە قىلىمىزكى، بارلىق ساماۋى كىتابلار الله تەرەپتىن كەلگەن ھەق كىتاب دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز. ئەمما بۇلار ئىچىدە ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدىغىنى پەقەت بىرلا كىتاب، ئۇ بولسىمۇ الله تەرەپتىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت.

تۆۋەندە قۇرئان كەرىمگە دائىر مەزمۇنلار ھەققىدە توختىلىمىز.

1). قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى ۋە خاتىرىلىنىشى.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كىرىپ پەيغەمبەرلىك ۋەھسى كېلىشى بىلەن



www.munber.rog



نازىل بولۇشقا باشلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان 23 يىل ئىچىدە بۆلۈپ- بۆلۈپ نازىل قىلىنغان بولۇپ، ھەر قېتىم قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئۇنى ساھابىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى ۋە خاتىرىلىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى. ساھابىلەر ئۇنى خورما دەرەخلىرىنىڭ قوۋزاقلىرىغا، قوي- كالىلارنىڭ دولا ئۇستىخانلىرىغا، ياپىلاق تاشلارغا ۋە ئۆزلىرىگە ئەپلىك بولغان تېرە، ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرگە خاتىرىلىۋالاتتى شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ئۆزى خەت يازالمىغاچقا مەخسۇس بىر بۆلۈك ساھابىلەرنى ھەر بىر نازىل بولغان ئايەتنى ئۇدۇللۇق خاتىرىلەپ تۇرۇشقا تەشكىللىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ، نازىل بولغان پۈتى خاتىرىلىنىشى ئىشەنچىلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىدى.

2). قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىنىڭ تارقاق ھالەتتىن توپلام ھالىتىگە كەلتۈرۈلىشى،

رەسۇل الله ئالەمدىن ئۆتكەندە «قۇرئان كەرىم»، ساھابىلەردىن قۇرئاننى يادلىۋالغان قارىلارنىڭ دىللىرىدا ۋە رەسول الله ھايات ۋاقتىدا خاتىرلەنگەن نۇسخىلاردا تارقاق ھالەتتە ساقلىنىپ تۇراتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ خەلىفىلىك دەۋرىدىكى يەمامە غازىتىدا نۇرغۇن ساھابىلەر جۈملىدىن قارىلار شېھت بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قۇرئاننى تولۇق يادقا بىلىدىغان قارىلار مۇشۇنداق ئازىيىپ تۈگەپ كەتسە، قۇرئان كەرىمنىڭ خاتىرلەنگەن



www.munber.rog

نۇسخىلىرىدا كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خەلىپە ئەبۇ بەكرىگە قۇرئاننىڭ تارقاق ھالەتتىكى نۇسخىلىرىنى باشتىن - ئاخىر بىر توپلام قىلىپ رەتلەپ ساقلاپ قويۇشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ نىڭ ۋاقتىدا بۇنداق توپلام قىلىش ئىشى بولۇپ باقمىغاچقا دەسلەپتە ئىككىلەندى، بۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ نىڭ يولى بويىچە يول تۇتۇپ مېڭىش جەھەتتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆمەر قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى، ھەمدە باشقا مۆتىۋەر ساھابىلەرگە بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. بۇ ئۆمەرنىڭ ئىسلام روھىغا ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ سۈپسۈزۈك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. الله ئۆمەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ئەنە شۇنداق ئېچىۋەتكەن ئىدى. ئۆمەر تەلەپ قىلغان بۇ ئىش بولسا، ئىسلامىيەتكە نىسبەتەن مىسلىسىز ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئاخىرى بۇ ئىشنىڭ رەسۇلۇللاھ نىڭ يولىغا ئۇيغۇن ئىش ئىكەنلىكىنى قەلبىدە جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ نازىل بولغان پېتى ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، بۇ ئىشقا رەسۇلۇللاھ نىڭ ۋەھى خاتىرىلىگۈچى كاتىپى زەيد ئىبنى سابىتنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا: «سەن ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ قا ۋەھىلەرنى خاتىرلەپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدىڭ. سەن قۇرئان ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى، ئەمدى قۇرئان



www.munber.rog



كەرىمنى تولۇق توپلام قىلىپ چىققىن!» دېدى. زەيد ئىبنى سابىت باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاشلا يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. نۇسخىلار ئىشەنچلىك، زەيد ئۆزى قۇرئاننى پىششىق يادقا ئالغان قارى بولسىمۇ، ھەر بىر ئايەتنى توپلامغا يازغاندا نۇسخىلارغا قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن شۇ ئايەتنى رەسۇلۇللاھ نىڭ ئۆز ئاغزىدىن شۇ پېتى ئاڭلىغان ئىككىدىن ئارتۇق كىشى گۇۋاھلىق بەرگەندىلا ئاندىن يازدى. مۇشۇنداق ئىنچىكە رەتلەش نەتىجىسىدە ”سۈرە فاتىھە“ دىن ”سۈرە ناس“ قىچە بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىر پۈتۈن توپلىمى خاتىرىلىنىپ چىقتى. الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ۋەدە قىلغان ئىدى:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق بىز جەزمەن ئۇنى قوغدايمىز.﴾ [سۈرە ھىجر 9 - ئايەت] ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشتا الله دىن راستچىلراق كىم بار؟

الله تائالاغا تۈگىمەس ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئۇ ئۆزى ۋەدە قىلغىنىدەك قۇرئاننى بىزگە ئۆز دەرگاھىدىن نازىل بولغان پېتى ساقلاپ بەردى.

ئىسلامغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ يېڭى مەسىلىلەردە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولغان ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپتەك ساھابىلەرگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ساھابىلەرگە الله نىڭ رەھمەتلىرى ۋە



www.munber.rog

سالاملىرى بولسۇن! ئى الله بىزنى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغۇچىلاردىن قىلغىن! ئامىن!

### 3) ئوسمانى مۇسھەف

ئەبۇ بەكرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق رەتلەنگەن نۇسخىسىنى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆز يېنىدا ساقلىدى، ئۆمەر ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ نۇسخىنى ئۆز قىزى ۋە رەسۇلۇللاھ نىڭ ئايالى ھەفسەگە تاپشۇردى.

ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىفىلىك دەۋرىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇدرەت تېپىپ ئەتراپقا شىددەت بىلەن كېڭەيدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىفىلىك دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام خەلىفىلىكى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنى سىياسى، ھەربىي، ئىقتىسادى، دىنى ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە كونترول قىلغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان ئىدى. خەلىفە ئوسمان بۇ رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەفسەنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان قۇرئان كەرىمنى كۆپەيتىپ ئەتراپتىكى شەھەر - ۋىلايەتلەرگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، مۇشۇنداق بولغاندا قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى تەۋرات ئىنجىلغا ئوخشاش قولدىن - قولغا ئۆتۈپ قالايمىقان كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا ئۆزگىرىپ كېتىشتەك ئەھۋالدىن ساقلانغىلى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق نۇسخىلىرىنىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى

www.munber.rog



ئەقىدە
ئىسلام ئەقىدىسىن ساۋات

بولاتتى. شۇ چاغدا زەيد ئىبنى سابىت يەنىلا ھايات ئىدى، ھەزرىتى ئوسمان، زەيد ئىبنى سابىتنى چاقىرتىپ قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلارغا كۆپەيتىشتىن ئىلگىرى، بۇرۇن توپلانغان نۇسخىنى قايتا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇ چاغدا ساھابىلەرنىڭ قوللىرىدىكى تارقاق نۇسخىلارمۇ بار ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت بار بولغان بارلىق نۇسخىلارنى يىغىپ بىر نەچچە مۆتىۋەر ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەينى چاغدا ئۆزى رەتلەپ چىققان ھەفسەنىڭ قولىدىكى نۇسخا بىلەن باشقا تارقاق نۇسخىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن قايتا سېلىشتۇرۇپ بۇ نۇسخىنىڭ ئىشەنچلىك نۇسخا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بېكىتتى. خەلىفە ئوسمان كېيىنكى دەۋرلەردە، زەيد ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ چىققان بۇ نۇسخا بىلەن باشقا نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىختىلاپ چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ توپلامدىن باشقا نۇسخىلارنى يىغىپ كۆيدۈرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە پەقەتلا مۇشۇ بىرنۇسخىلا قۇرئان مەۋجۇت بولۇپ قالدى. بۇ «ئوسمانى مۇسھەف» دەپ ئاتالدى. ئوسمان ئىبنى ئەففان «جامع القرآن» (قۇرئاننى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. ئاندىن خەلىفە ئوسمان ئىبنى ئەففان بۇ مۇسھەفنى يەتتە نۇسخىغا كۆپەيتىپ بىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان ئالتە نۇسخىنى ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ بەردى. ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى سانسىزلىغان قۇرئان

www.munber.rog

كەرىملەر ئەنە شۇ ئوسمانى مۇسھەفدىن كۆپەيتىلگەن، الله قا مەدھىيلەر بولسۇنكى ئىنسانىيەت تارىخىدا سانسىزلىغان نۇسخىلىرى مىڭ يىللار مابەينىدە بىرەر ھەرپىمۇ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالغان قۇرئان كەرىمدەك بىرەر كىتاب مەۋجۇت ئەمەس. الله تائالا ئۆز ۋەدىسىگە مۇۋاپىق قۇرئان كەرىمنى ئەنە شۇنداق ساقلىدى ھەم تا قىيامەتكىچە ساقلايدۇ!!!

## 4). قۇرئان كەرىمنىڭ بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلىنىشى

قۇرئان كەرىم ـ الله تەرىپىدىن پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان مۇقەددەس ۋەھى بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسىي. قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ قا يىگىرمە ئۈچ يىل جەريانىدا پەيدىنپەي، بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلىنغان، ئۇ نىمە ئۈچۈن بىر يولىلا نازىل قىلىنماي، بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلىنغان؟ ھالبۇكى الله ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ھەممە ئىشنى بىلگۈچى ئىدىغۇ؟ بۇنىڭدا نىمە ھېكمەت بار؟

قۇرئان كەرىمنىڭ بىر يولىلا نازىل قىلىنماي پارچە ـ پارچە نازىل قىلىنىشىدا نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار: تۆۋەندە ئۆز مەلۇماتلىرىمىزغا يارىشا بىر نەچچە نۇقتىنى بايان قىلىمىز:

- كىشىلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىسىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قىزغىنلىقلىرى بىلەن قوبۇل قىلىشى مەقسەت قىلىنغان.



www.munber.rog



قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر بىرەر ھاكىمىيەت ياكى بىرەر قانون ـ تۈزۈم كونتروللىقىدا بولۇپ باقمىغان بولۇپ، جەمئىيەت، ئىپتىدائىي قەبىلىۋازلىق شەكلىدىكى قالاق ۋە قالايمىقان ھالەتتە ئىدى. خۇددى ھازىرقى غەرب دۇنياسىدا ھەر خىل بەد ـ بەشىرە ئەخلاقسىزلىقلارمۇ ”دېموكراتىيە“ ھېسابلانغىنىدەك ئەينى چاغدىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش ـ ماجرا، هاراقكەشلىك، زىناخورلۇق قاتارلىق بۇزغۇنچىلىقلار باتۇرلۇق ۋە ئوغۇل بالىدارچىلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى، ھەر كىم ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ئىش كۆرىدىغان، جەمئىيەت تولىمۇ قالايمىقان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئەھكام ۋە ئىنسانىي ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىم، بىراقلا نازىل قىلىنسا، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر يولىلا قوبۇل قىلىش، قىيىنغا توختىغان بولاتتى. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ھېكمەت ئىگىسى الله نىڭ ھېكمىتى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەربىر ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى يەنى ھەر بىر ئىسلام ئەھكامىنى رىئاللىقتىكى بىرەر مەسىلىگە جاۋابەن نازىل قىلىشنى ئىرادە قىلدى. كۆپىنچە مۇسۇلمانلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ قا ۋەھيي نازىل بولۇشنى ئۈمىد قىلىشاتتى ۋە قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە تەقەززا بولاتتى ـ دە، قۇرئاننىڭ مەلۇم ئايەتلىرى نازىل بولاتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى قىزغىن قوبۇل قىلاتتى ۋە دەرھال ئىجرا قىلاتتى. مانا بۇ پارچە ـ پارچە،



www.munber.rog

پەيدىنپەي نازىل بولىشىدىكى نۇرغۇن ھېكمەتلەردىن بىرى.

● كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن يېڭى مەسىلىلەرگە قۇرئان كەرىمدىن ئىجتىھات يولى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

مەلۇمكى، قۇرئان كەرىم ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى، ئۇ، تاكى قىيامەتكىچە ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدىغان كىتاب. ئىبادەت مەسىلىلىرى، ئەھكاملار ئۆزگەرمىسمۇ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئۆزلۈكسىز يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى دۇنيادا نىجادلىققا ئېرىشىشىنىڭ كاپالىتى بولغان ئۇنىۋېرسال مۇقەددەس قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يېڭى مەسىلىلەرگە چوقۇم جاۋاب بېرىشى كېرەك. بۇ يېڭى مەسىلىلەرنى ئەينى چاغدا قايسى ئايەت، قانداق ئىشقا قارىتا نازىل بولغانلىقىنى ئىنچىكە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر قۇرئان كەرىم بىراقلا نازىل بولغان بولسا، بۇ خىل يېڭى مەسىلىلەرگە ئىجتىھات يولى بىلەن قۇرئاندىن ھۆكۈم ئېلىش مۇمكىن بولمايتتى، مۇمكىن بولغاندىمۇ تولىمۇ قىيىنغا توختايتتى.

● قۇرئان كەرىمنى يادلىۋېلىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىگەللىۋېلىش، قۇلايلىق بولۇشى مەقسەت قىلىنغان.

ئىسلام تارىخىدىن مەلۇمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام



www.munber.rog



ۋاپات بولۇشى بىلەن قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى توختىغان ۋاقىتتا ساھابىلەر ئىچىدە قۇرئاننى پۈتۈن يادقا بىلىدىغان، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە پەتىۋا بېرەلەيدىغان ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش بىر ئەۋلاد بۈيۈك ئالىملار مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ نىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىسلام دۇنياسىدا دىنىمىزغا زور ھەسسە قوشقان. رەسۇلۇللاھ نىڭ دەۋرىدە مەخسۇس بىلىم ئېلىش ئۇنىۋېرسىتېتلىرى يوق تۇرۇپمۇ ساھابىلەر ئىچىدىكى دىن ئىلمىدە ئىختىساسلاشقان بۇ ئالىملار، دىن ئىلمىدا قانداق قىلىپ بۇ كامالەتكە يېتەلىدى؟

ئېنىقكى، قۇرئان ئايەتلىرى رېئاللىقتىكى ئىشلارغا قارىتا پەيدىنپەي نازىل بولغانلىقتىن رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتىكى قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى قانداق بايان قىلغانلىقى، ئەملى مەسىلىلەرنى رېئاللىقتا قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى، ساھابىلەر بىۋاستە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئارقىلىق قۇرئاننى يادلىۋېلىپلا قالماي، ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان ئەھكاملىرىنىمۇ، بىر ـ بىرلەپ، ئىگەللىۋالىلغان. ئەگەر قۇرئان بىر يولىلا نازىل بولغان بولسا، قۇرئاننى يادلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى پۇختا ئىگەللىۋېلىش، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇزۇن يىل بىلىم ئېلىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاندىن قولغا كەلگەن بولاتتى.



www.munber.rog

● قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دەپ دەۋا قىلغان ئەرەب مۇشرىكلىرىغا تولۇق رەددىيە بېرىش مەقسەت قىلىنغان.

قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە ئەرەبلەردە ناتىقلىق، شېرىيەت تەرەققىي قىلغان ئىدى. قۇرئان كەرىم نازىل بولۇۋىدى بىر بۆلۈك ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر قۇرئاننىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبىتىكى ئىنسان تاقىتىدىن ھالقىغان پاساھەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، « بۇ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى بىر ئىلاھىي ۋەھيي » دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ دەرھال ئىمان ئېيتقان، ئەمما ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ يوقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان بىر بۆلۈك مۇشرىكلار، قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى دىللىرىدا بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئىمان ئېيتسا، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلىرى ۋە قۇللىرى بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆردى، چۈنكى ئىسلام دىنى، ئىنسانىيەتكە يۈكسەك دەرىجىدە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان دىندۇر. ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىماندىن باش تارتتى ۋە قۇرئاندەك مۇنداق بەدىئىي كالامنى بىلمىگەن بولىۋالدى، ھەمدە، خالىساق بىزمۇ مۇشۇنداق پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئېيتالايمىز دېيىشتى:

﴿وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آَيَاتُنَا قَالُوا قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَاءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَذَا إِنْ هَذَا إِلَّا أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ﴾

﴿ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار:



www.munber.rog



« بىز (بۇ سۆزلەرنى)ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر » دېدى﴾

الله ئۇلارغا جاۋابەن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى:

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾

﴿ئەگەر (بەندىمىز مۇھەممەدگە) بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكتە بولساڭلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتا) الله تىن باشقا بارلىق ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴾ [سۈرە بەقەرە 23 ـ ئايەت].

ئۇلاردىن قۇرئانغا تەڭ تۇرىدىغان بىرەر سۈرە ياكى بىرنەچچە جۈملە بولسىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىش تەلەپ قويۇلۇۋىدى، مۇشرىكلار بۇنىڭدىن ئاجىز كېلىپ كۆرسەتمىگەن باھانىسى قالمىدى. ھالبۇكى قۇرئان ھەر قېتىمدا بىرەر ئايەت ياكى بىر نەچچە ئايەت نازىل بولاتتى ئەگەر قۇرئان كەرىم باشتىن ئاخىرغىچە 6600 دىن ئارتۇق ئايەت بىراقلا نازىل بولسا ئىدى ئەرەب مۇشرىكلىرى: « بۇ بەك ئۇزۇن ئىكەن ئەگەر مۇھەممەد بىر ئايەت بىر ئايەتتىن ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسا بىزمۇ ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ تەڭ



www.munber.rog

كېلەلەيتتۇق » دەپ باھانە كۆرسىتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن ھەممىنى بىلگۈچى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى غالىپ الله بۇ جەھەتتە ئەرەب مۇشرىكلىرىنى، ھېچقانداق باھانىگە ئىمكانىيەت قالمىغۇدەك دەرىجىدە ئامالسىز قالدۇردى. الله تائالا قىلغان ئىشىدا ئەنە شۇنداق غالىپ ۋە ئۈستۈندۇر كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

5). قۇرئان كەرىمنىڭ بەدئىيلىكى

قۇرئان كەرىمنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى فاساھىتى، تەڭداشسىز بەدئىيلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولغىنى شۇكى مۇشۇنداق بەدئىي ئۇسلۇپتىكى قۇرئاننىڭ، بىرەر ئۇستازدىن تەلىم ئالمىغان ئۆمرىدە بىرەر ھەرىپنىمۇ يېزىپ باقمىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ساۋاتسىز كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىدۇر. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ الله دىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىل. بۇ نۇقتىنى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق كىشى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ، بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق بولغان، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ قۇرئاندىن قۇسۇر تېپىش مەقسىتىدە قۇرئان كەرىمنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناس غەرب ئالىملىرىدىن نۇرغۇنلىرى قۇرئاننىڭ خاسىيىتىگە قول قويۇپ ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس بەلكى الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھىسى ئىكەنلىكىنى



www.munber.rog



ئېتىراپ قىلىپ ئىسلامغا كىرىۋاتىدۇ. كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇندىن كېيىنمۇ قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ الله نىڭ ۋەھىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇۋاتقان دەۋردە ھەم مۇشۇنداق بولغان، ئۇ چاغدا ئەرەب ئەدەبىياتى يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، ئەرەبلەر ھەر خىل سۆزلەش يىغىنلىرى، ناتىقلىق بەرمەنگىلىرى ۋە شېئىرىيەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، سۆزدە ئۈستۈنلۈك قازىنىش ئۇلارنىڭ پەخرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدەبىيات ئەمەس يېزىقنىمۇ تونۇمايدىغان كىشى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، شۇڭا قۇرئاندىن ئىبارەت مۇنداق ئۆزگىچە بەدئىي ئۇسلۇبتىكى كالامنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتى، بەزىلىرى بۇنداق كۈچلۈك ئىلمى مۆجىزە ئالدىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى الله دىن ئېلىپ كەلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتى، بەزىلىرى بولسا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھ قا باشقىچىرەك يول ـ قورال كۈچى ئىشلىتىش يولى ـ ئارقىلىق قارشىلىشىش يولىنى تۇتتى، چۈنكى ئەرەب مۇشرىكلىرى قۇرئانغا، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ پەخرى بولغان "تىل ماھارىتى" بىلەن تاقابىل تۇرۇشتىن ھەقىقەتەن ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە مەككە تارىخىدا، ئېغىر ئەزىيەتلەرنى



www.munber.rog

يەتكۈزدى.

الله قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش پاساھەتلىك كالامنى ھېچكىمنىڭ مەيدانغا ئەبەدى چىقىرالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِعَشْرِ سُوَرٍ مِثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ ❖ فَإِنْ لَمْ يَسْتَجِيبُوا لَكُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّمَا أُنْزِلَ بِعِلْمِ اللَّهِ وَأَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَهَلْ أَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾

﴿ئۇلار قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى ئىجاد قىلغان دىيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار الله دىن باشقا چاقىرىدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ قۇرئانغا ئوخشاش ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىقىڭلارغا ئاۋاز قوشمىسا بىلىڭلاركى قۇرئان الله نىڭ ئىلمى بىلەن نازىل قىلىنغان. الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئەمدىغۇ قايىل بولغانسىلەر﴾ [سۈرە ھۇد 13 ـ 14 ـ ئايەت]

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ * فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا وَلَنْ تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾

﴿بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان



www.munber.rog



قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار ۋە الله دىن باشقا بارلىق ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر قىلالمىساڭلار، ئەلۋەتتە قىلالمايسىلەر. كاپىرلارغا تەييارلانغان يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولغان دوزاختىن قورقۇڭلار.﴾ [سۈرە بەقەرە]

﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾

﴿ئېيتقىنكى ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ [سۈرە بەنى ئىسرائىل 88 ـ ئايەت]

يۇقىرىقى ئايەتتە الله پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا چىقىرىشتىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى كەسكىن ۋە ئېنىق جاكالىغان. مەلۇمكى ئۇزاق تارىختىن تا ھازىرغىچە يەر يۈزىدە قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر جۈملە تۈزىيەلىدىم دەيدىغان بىرەر ئىنسان چىقىپ باققىنى يوق. الله راست ئېيتىدۇكى پۈتكۈل مەخلۇقاتلار بىرلەشسىمۇ قۇرئانغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ!.

6). ئىلىم ـ پەن تەرىپىدىن بارغانسىرى ئېتىراپ



www.munber.rog

قىلىنىۋاتقان قۇرئان كەرىم

بۈگۈنكى دەۋر ئىلىم پەن دەۋرى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، ئۇچۇر ـ ئىمفىرماتسىيە دەۋرى ھازىر ئىلىم ـ پەن ھەممە ساھەدە ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلماقتا. قۇرئان كەرىمۇ بۇ ساھەدىن مۇستەسنا ئەمەس. يېقىنقى ئەسىرلەردىن بويان تەبىئىي پەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇرئان كەرىمدىكى كىشىلەر تېخى تونۇپ يەتمىگەن نۇرغۇن مۆجىزىلىك پەننى مەلۇماتلار ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. يېقىنقى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ھازىر ئۆتكۈزۈلىۋاتقان قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، بۇ ساھەدە زور تەسىر قوزغىدى. تۆۋەندە الله نىڭ ئىزنى بىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس بەلكى الله تىن كەلگەن ۋەھىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلمىي مۆجىزىلەردىن بىر نەچچىسىنى بايان قىلىمىز.

● شەيئىلەردىكى جۈپلۈك

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنْ كُلِّ شَيْءٍ خَلَقْنَا زَوْجَيْنِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

﴿ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر شەيئىنى جۈپ



www.munber.rog



ياراتتۇق﴾ [سۇرە زارىيات 49 ـ ئايەت]

﴿سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنْبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنْفُسِهِمْ وَمِمَّا لَا يَعْلَمُونَ﴾

﴿الله پۈتۈن ئەيىب نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ئۇ بارلىق شەيئىنى جۈپ ياراتتى، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) نىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴾ [سۇرە ياسىن 36 ـ ئايەت].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە بارلىق شەيئىلەردە ئۆزىگە خاس جۈپلۈك ھادىسىسى بار ئىكەنلىكى، ئىنسانلار بىلىدىغان ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، ئادەم قاتارلىق نەرسىلەردىلا ئەمەس، ئىنسانلار تېخى بىلمىگەن، بايقىمىغان نەرسىدىمۇ، ئومۇمەن پۈتكۈل مەخلۇقاتتا جۈپلۈك مەۋجۇدلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان.

بىز ئىنسانلار، ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەركەك چىشى بولىدىغانلىقى، ئېلېكتر توكىنىڭ مەنفى ـ مۇسبەت بولىدىغانلىقى، ھەر ـ خىل زەرەتلەرنىڭ مەنفى ـ مۇسبەت بولىدىغانلىقى، ماگنىت قۇتۇبلىرىنىڭ قارمۇ ـ قارشى بولىدىغانلىقى قاتارلىق جۈپلۈك مەسىلىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، بىر مىليون دانىسىنى قاتارىغا تىزسا ئاران بىر سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقىنى ئىگەللەيدىغان (يەنى بىر سانتىمېتىرنىڭ مىليوندىن بىرىچىلىك چوڭلۇقتىكى)



www.munber.rog

كىچىككىنە بىر دانە ئاتوم تەركىبىدىكى زەررىچىلەر ئىچىدە جۇپلۇكنىڭ بار يوقلۇقىغا قاراپ باقايلى.

مەلۇمكى، ئاتوم ـ ئاتوم يادروسى ۋە يادرو ئەتراپىدا ئۆزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئېلېكترونلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ئاتوم يادروسىدىكى فىروتون مۇسبەت زەرەتلىك يادرو ئەتراپىدىكى ئېلېكترون بولسا مەنفى زەرەتلىك بولىدۇ. بۇ خىل جۇپلۇك شۇ قەدەر تەڭشەلگەن ھالەتتە يارىتىلغانكى ھەر قانداق بىر ئېلېمېنت ئاتوم يادروسىدىكى فىروتون سانى قانچە بولسا شۇ ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ ئېلېكترون سانىمۇ شۇنچە بولىدۇ، بۇ يەردىكى جۇپلۇك نېمە دېگەن مۇكەممەل ـ ھە!. ئىلىم ـ پەن ھازىر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ”نۇر زەرەتسىز بولىدۇ“ دېگەن تەلىماتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھازىرقى زامانىۋى تەتقىقاتلار يوقىرى تېخنىكىلىق ئىنچىكە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئالفا نۇرى، بېتتا نۇرى، گامما نۇرى قاتارلىق نۇرلارنىڭ زەرەتلەرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئويلاپ باقايلى ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ جۈپ بولىدىغانلىقىنى ئىنسانلار بۇرۇن بىلەتتى. ئەمما ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۈپ بولىدىغانلىقى، ئېلېكتېر، بۇلۇت قاتارلىق مۇسبەت ـ مەنفى زەرەتكە ئايرىلىدىغان شەيئىلەرنى ئىنسانلار قاچان بىلدى؟ ئاتوم تەركىبىدىكى زەررىچىلەرنىڭ مۇسبەت ـ مەنفى زەرەتلەرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى قاچان بىلدى؟ نۇرنىڭمۇ زەرەتلىك



www.munber.rog



بولىدىغانلىقىنىچۇ؟ قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە ئىنسانىيەت بۇ ساھەدە قانچىلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىدى؟ يەتتىنچى ئەسىردە ياشىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، كىچىكىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ساۋاتسىز قالغان بىر شەخس تۇرسا، قۇرئان كەرىمدىكى ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈملۈك ھەتتا ئىنسانلار كېيىنكى زاماندا بايقايدىغان شەيئىلەرنىڭمۇ جۈپ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېنىق، مۇكەممەل ۋە كەسكىن بايانلار نەدىن كەلدى؟ يوقۇردا بايان قىلىنغان سۈرە ياسىننىڭ 36 ـ ئايىتى بۇ ھەقتە قىل سىغمايدىغان پاكىتتۇر.

بۇ يەردە قۇرئاندىكى بۇ خىل مەلۇماتلار، ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى الله تەرىپىدىن كەلگەن دېگەندىن باشقىسى، مەنتىقىگە سىغمايدۇ. قۇرئان كەرىمنى الله تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھىي دېگەنگە تېخىچە ئىشەنمەيدىغان ئەقىللەر قانداق ئەقىللەركىن ـ ھە؟! ئۇلار مۇشۇنداق پاكىتقا ئىشەنمىسە زادى نىمىگە ئىشىنىدىغاندۇ؟.

● دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ سَحَابٌ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا﴾



www.munber.rog

﴿ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلار ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ (بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر. (ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى سۇنسا (ئۆزىنىڭ قولىنى) كۆرەلمەي قالىدۇ﴾ [سۈرە نۇر 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى تارىخى ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى، ئىلگىرى ئىنسانلار دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئۈستى يۈزى ھەققىدە مەلۇماتى بولسىمۇ، ئەمما دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قىسمى توغرىسىدا ئانچە مەلۇماتى يوق ئىدى. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دېڭىزچىلار ئوكياننىڭ چوڭقۇر قىسمىدا دولقۇن بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا باشلىغان، دېڭىز ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى رەسمىي تەكشۈرۈش بولسا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلىنىپ، 1950 ـ يىللاردا يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئويلاپ باقايلى، 19 ـ ئەسىر بىلەن قۇرئان كەرىم نازىل بولغان7 ـ ئەسىرنىڭ ئارلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت پەرقى بار؟. ئەينى چاغدا (يەتتىنچى ئەسىردە) ئىنسانىيەت ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر تۇرسا، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿قاتمۇقات دولقۇنلار. . . ﴾ دېگەن بايان نەدىن كەلدى؟ دېڭىزنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا كىشى قولىنى سۇنسا ئۆز قولىنى كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدىكى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق بار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كۆرۈنۈشنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن بايان نەدىن كەلدى؟



www.munber.rog



يەنە كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە دېڭىزدا سەپەر قىلىپ باقمىغان. ” صفوت التفاسر “ دېگەن كىتابتا مەزكۇر ئايەتنىڭ تەفسىرىدە ئېيتىلىشىچە، مەلۇم بىر غەربلىك ئالىم قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىدىن يۇقىرىقى [سۈرە نۇر 40 ـ] ئايەتنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇنىڭغا دىققەت قىلغان، ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىدە دېڭىز سەپىرى قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن دەرھال قۇرئان الله نىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغان، ئۇ كىشىدىن نېمە ئۈچۈن ئېتىقادىدا مۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىش قىلغانلىقى سورالغاندا، ئۇ كىشى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: « مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دېڭىز سەپىرى قىلىپ باقمىغان تۇرسا بۇ ئايەتتە ئېيتىلغان دېڭىز ـ ئوكياننىڭ مۇنداق ھادىسىلىرىنى ئۆمرى دېڭىز قاتنىشىدا ئۆتكەن دېڭىزچىلارلا ھېس قىلالايدۇ، يەنى كېلىپ بۇ يەتتىنچى ئەسىردىكى بايان، شۇڭا مەن قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى، ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى الله تەرەپتىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندىم. »

- يوقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ئادەمنىڭ نەپەسلىنىشى قىيىن بولۇش

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:



www.munber.rog

﴿فَمَنْ يُرِدِ اللَّهُ أَنْ يَهدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلْإِسْلَامِ وَمَنْ يُرِدْ أَنْ يُضِلَّهُ يَجْعَلْ صَدْرَهُ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي السَّمَاءِ﴾

﴿الله كىمنى ھىدايەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ. الله كىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى خۇددى ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقاندەك (ئىمان ئېيتىشتىن) ئىچى سىقىلىدىغان قىلىدۇ﴾ [سۈرە ئەنئام 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

بۇ ئايەتتە ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان ئادەمنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىش ھادىسىسى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئاسمانغا چىققان كىشىنىڭ نەپەسلىنىشىدە قىيىنلىششى ئىنسانلارنىڭ يوقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى كۆزىتىشى، بولۇپمۇ زامانىۋى ئالەم قاتنىشى ئىشلىرى باشلانغاندىن كېيىن ئاندىن بايقالغان.

ئىنسانلارنىڭ يوقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى كۆزىتىشى 1783 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فىرانسىيەدە قويۇپ بېرىلگەن بىر ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدىغان ئىسسىقلىق ھاۋا شارىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن باشلانغان. زامانىۋى ئالەم قاتنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا 1957 ـ يىلى سابىق سېۋىت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن باشلانغان، ئادەمنى ئېلىپ يۈرەلەيدىغان سۈنئىي ھەمرا 1961 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلگەن. دېمەك، ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەر خىل غەيرى نورمال ھادىسىلەر



www.munber.rog



جۇملىدىن يوقىرى بوشلۇقتىكى نەپەس قىيىنلىشىش قاتارلىقلارنى ئىنسانلار مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندىلا بايقىغان.

شۇنداق سوئال قويۇشقا ھەقلىقمىزكى، يەتتىنچى ئەسىردىكى ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىغا ئائىت ھادىسىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن خەۋەردارمىدى؟ بۇنىڭدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ جاۋاب ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى دۇنياۋى پەن ئالىملىرىمۇ ئالەم بوشلۇقى ھادىسىلىرىدىن ھېچنىمىنى بىلمەيتتى.

بىلىش كېرەككى، قۇرئان كەرىم ئىلىم ـ پەن قوللانمىسى ئەمەس. ئۇ، ئىنسانىيەت ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان ھەر خىل مەسىلىلەردە ئىنسانىيەتكە يول كۆرسەتكۈچى نۇر بولغان بىردىنبىر دىنى دەستۇر. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى قۇدرەت ئىگىسى الله تەرىپىدىن نازىل بولغان مۇقەددەس ۋەھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلىم ـ پەن مەلۇماتلىرىدىن بەزى بىر باياناتلارنى قوشۇمچە ئۆز ئىچىگە ئالغان، قۇرئان تارماق مەزمۇن قاتارىدا ئۆز ئىچىگە ئالغان موشۇ مەزمۇنلارنى ئىنسانىيەت تا قىيامەتكە قەدەر قېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ. بىز ھازىرقى زامانىمىزدا بايقالغان قۇرئان كەرىمدىكى ئىلىم ـ پەن مەلۇماتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئالغىلى تۇرساق: ماتىماتىكا، تىبابەت، بىئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، ئەدەبىيات، قىسقىسى ھەر بىر تېمىدىن يۈزلىگەن



www.munber.rog

مەساللارنى كەلتۈرىشىمىز مۇمكىن. ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن يوقارقى بىر نەچچە مىسال كۇپايە قىلىدۇ.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى، ئۇ الله نىڭ مۇقەددەس ۋەھىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە روشەن دەلىللەرنى ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ مىقداردا كۆرىدۇ. الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُتَكَلِّفِينَ ❖ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ ❖ وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِينٍ﴾

﴿ئېيتقىنكى، الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىنى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن قۇرئاننى توقۇپ چىققۇچى ئەمەسمەن، قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر.﴾ [سۈرە ساد 86 ـ 87 ـ 88 ـ ئايەتلەر]

**7). قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش.**

بارلىق ساماۋىي كىتابلارنى الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھى دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئىماننىڭ مۇھىم رۇكنىسى، بۇ كىتابلار ئىچىدە قۇرئان كەرىم نۆۋەتتە ئىنسانلار ئىجرا قىلىشقا ھەقلىق بولغان بىردىنبىر كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا ساماۋى كىتابلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا قۇرئان كەرىمگە توغرا رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ؟



www.munber.rog



شۇنى بىلىش كېرەككى قۇرئان كەرىم الله دىن كەلگەن ۋەھى دېگەن مەزمۇننى ئاددىلا تەسدىقلاپ قويۇش، ئىمان ھېسابلانمايدۇ. ئىسلامدا قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مۇئەييەن ئۆلچىمى بار، قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە تەپسىلى ۋە تولۇق ئىمان كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر ئايىتىنى مۇقەددەس ۋەھى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان ھەربىر ھۆكۈمنى جاندىل بىلەن قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. قانداقتۇر قۇرئان كەرىمگە گۇمان بىلەن قاراش، ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش، ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ بەزى ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا قۇرئان كەرىمنىڭ بىرەر ئايىتىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشمۇ، قەتئى ئىمانسىزلىق ۋە كۇپۇرلۇقتۇر.

قىسقىسى قۇرئان كەرىم ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان مۇقەددەس ھۆججەتتۇركى، ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە قۇرئان كەرىمدە ئېنىق ھۆكۈم بولىدىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق، شۇ كىشىنى ئىماندىن ئايرىپ تاشلايدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

﴿كىمكى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر﴾ [سۈرە مائىدە 44 ـ



www.munber.rog

ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

شۇڭا مۇسۇلمان كىشى قۇرئان كەرىمگەۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە بىپەرۋا بولماسلىقى، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشى، قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنۇڭغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.

مەن مۇسۇلمان! دەپ دەۋا قىلىدىغان شۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەر باركى، ئۆمرىدە قۇرئاننىڭ بىرەر ھەرپىنى ئوقۇپ باقمىغان قۇرئان نىمىگە بۇيرۇيدۇ، نىمىدىن چەكلەيدۇ، ھېچ پەرۋاسى يوق، ھەتتا قۇرئاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ ھېچ نىمىدىن غېمى يوق، ھېچقانداق ئىنكاس يوق، گۇناھلارغا چۆمۈلگەن ھالدا يۈرۈۋېرىدۇ، قۇرئان ھۆكۈملىرى بويىچە ئىش كۆرگەن كىشىلەرگە پالان ـ پۈكۈن دەپ بىلجىرلايدۇ، بۇخىل كىشىلەر ئىسلامنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى ئۆزلىرى چەتكە قېقىپ تۇرغان ھالىتىدە نىمىگە ئاساسلىنىپ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان سانايدىغاندۇ؟.

ئى الله بىزلەرنى شۇنداق كىشىلەنىڭ قاتارىدا قىلىپ قويمىغىن!بىزنى قۇرئانغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى جېنى بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلاردىن قىلغىن!. ئامىن!!



www.munber.rog



# تۆتىنچى باب

## الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ يەنە بىر رۈكنىسىدۇر.

الله ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭغا ئەقلى تەپەككۇردىن ئىبارەت ئىقتىدارنى ئاتا قىلدى، ھەمدە ئىنسانغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ نېمەتلىرىنى دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئىنسان، الله ئاتا قىلغان ئەقىل ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ماددى نېمەتلىرىنى ئىدرۇك قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ، ئەقىل ئارقىلىق بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئائىت ئىشلىرىنى ھەل قىلالايدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ئىككىنچى بىر تىرىكچىلىك دۇنياسى بولغان ئاخىرەت دۇنياسىغا ئائىت ئىشلارنى ئىنسان ئۆز ئەقلى تەپەككۇرى بىلەن ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ دۇنيا، ماددى دۇيادىن تاشقىرى بولغان، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ھاياتلىقى بولۇپ قالىدىغان، ھەق بىلەن ناھەق ئۆز ماھىتىنى تاپىدىغان باشقا بىر دۇنيادۇر. مېھرىبان الله ئىنسانىيەتكە يەنە بىر مەرھەممەت قىلىپ، ئىنسان ئەقلى بىلەن ھەل قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن مەسىللەردە، ئىنساننى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نىجاتلىق يولىغا



www.munber.rog

چاقىرغۇچى يولباشچى، الله قا ئاسىلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچى، توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە الله تەرەپتىن خوش - خەۋەر بەرگۈچى «الله نىڭ ئەلچىلىرى - پەيغەمبەرلەر» نى ئەۋەتتى. شۇ نۇقتىدىن، الله نىڭ ئەلچىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر، الله نىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئەڭ چوڭ مەرھەمىتى ۋە كاتتا رەھمىتىدۇر. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا أَرْسَلْنَاكَ الا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز، سېنى پەقەت پۈتكۈل ئالەملەرگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىنلا(پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾ [سۈرە ئەنبىيا 107 - ئايەت].

1 - پەيغەمبەرلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى

پەيغەمبەرلەر، الله تەرەپتىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن الله نىڭ ئەلچىلىرى. ئۇلار الله نىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئەمر - پەرمان ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن تەلىملەرنى قۇبۇل قىلىشقا قۇلاي بولۇشى ئۈچۈن، الله تائالا ھەر قەۋمگە شۇ قەۋم ئىچىدىن پەيغەمبەرتاللىدى، دېمەك پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسان. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ إِلَّا رِجَالًا نُوحِي إِلَيْهِمْ فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ



www.munber.rog



كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (پەرىشتىلەرنى ئەمەس) پەقەت ئىنسانلارنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، بىلىم ئىگىلىرىدىن سوراڭلار﴾ [سۈرە ئەنبىيا 7 - ئايەت].

پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئەقىل - پاراسەت، خۇلقى - مىجەز، مەرتىلىك، ئىرادە، ئىنسانى پەزىلەت، ۋە ھەر جەھەتتە ئەڭ يارامىلىق كىشىلەر بولۇپ، الله ھەر بىر قەۋم ئىچىدىكى ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ. الله ياراتقان بەندىلىرى ئىچىدە كىمنىڭ پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

شۇنى بىلىش كېرەككى، پەيغەمبەرلەر يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاش، خوشاللىق، قايغۇ قاتارلىق ئىنسانى تەبىئەتلەردە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش، ئەمما ئېتقاد، ئەخلاق ۋە ئەمەل(يەنى الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش) قا ئوخشاش ديانەتكە ياتىدىغان جەھەتلەردە باشقا ئىنسانلاردا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتلەرسىز پەيغەمبەرلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇلاردىن ئاساسلىغى:

1). عصمة (گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساق)



www.munber.rog

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك خوسۇسىيىتى گۇناھ قىلماسلىق. ئىنسان ئەھلى يائۇنداق يا مۇنداق گۇناھلاردىن خالى بولالمايدۇ، پەقەت پەيغەمبەرلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله پەيغەمبەرلىككە تاللىغان كىشىگە بۇ خىل خىسلەتنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھتىن ئۆزىنى تارتىشى، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇڭا ھەربىر پەيغەمبەرئۆز قەۋمى ئىچىدە، الله نىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ئۇلار بۇيرۇقنى يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى قاراپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى نىمىگە بۇيرىسا ئۆزلىرى شۇنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلغۇچى ئۈلگىلەردۇر.

## 2) أمانة- (ئىشەنچلىك بولۇش)

ئىشەنچلىك بولۇش: باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش، ئىنساندىكى بىر ياخشى ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئادەتتە ئادەملەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. ئەمما بۇ خىسلەت پەيغەمبەرلىككە تاللانغان كىشىدە ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر، شۇ دەرىجىدە ئىشەنچلىككى ھەر قانداق ئادەمگە «بۇ كىشى ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى قالدۇرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنلا ئەرەبلەر ئارىسىدا مۇھەممەد ئەمىن (يەنى ئىشەنچلىك مۇھەممەد) دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ





تەبىئىتىدە ھەر قانداق كىشىگە خىيانەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە ياكى پەرۋەردىگارىغا خىيانەت قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟؟

## 3) صدق- (راسچىللىق)

راسچىللىق، باشقا كىشىلەردىمۇ تېپىلىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر بولۇپ تاللانغان كىشىلەر، يۈكسەك دەرىجىدىكى راست سۆزلىگۈچى كىشىلەر بولۇپ، راست سۆزلەش ئۇلارنىڭ تۇغما ئادىتى بولغان بولىدۇ.

## 4) تبليغ - (يەتكۈزۈش)

تەبلىغ يەنى يەتكۈزۈش، پەيغەمبەرلەرنىڭ خوسۇسىيىتى، شۇنداقلا ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. خوسۇسىيىتى دىگىنىمىز الله نىڭ ئەمرىنى كىشىلەرگە راۋرۇس يەتكۈزمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان بىر خىل تەبئى تۇيغۇ بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز شۇنىڭ كويىدا بولۇش، ئۇلارنىڭ ئادىتى بولغان بولىدۇ. ۋەزىپىسى دىگىنىمىز الله ئۇلارغا تاپشۇرغان بىر مەجبۇرىيەت بولۇپ، تەبلىغنى تولۇق ئادا قىلمىسا، پەيغەمبەرلىك ھۆددىسىدىن چىقمىغان بولىدۇ. دېمەك تەبلىغ بىر تەرەپتىن پەيغەمبەرلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۆز تەبىئەتلىرى بىلەن قىزغىن سۆيۈپ ئورۇندايدىغان خىزمەتتۇر. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:



www.munber.rog

﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملار نىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. الله ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ [سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەت]

الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى الله تىن چۈشكەن ۋەھىدىن بىرەر ئىبغىزنىمۇ قالدۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇرۇندىمىغان بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرنىڭ ھوزورىدا بىر ئىش يۈز بېرىپ، پەيغەمبەر ئەشۇ ئىشنى چەكلىمىگەن بولسا، ئەشۇ ئىش شەرىئەتتە دورۇس ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەرنىڭ سۈكۈت قىلىشىنىڭ ئۆزى دەلىل بولالايدۇ. پەيغەمبەردىن باشقا ھەر قانداق ئىنساننىڭ بىرەر ئىشقا سۈكۈت قىلغانلىقى، شۇ ئىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ.

5) عدالة ـ (ئادىللىق)

ئادىللىق، ئادەتتىكى كىشىلەردىمۇ مەۋجۇت، ئەمما پەيغەمبەرلەردە بۇ سۈپەت تولۇق ۋە نوقسانسىز تېپىلىدۇ.



www.munber.rog



ھەر قانداق چوڭ ئىش، ھەر قانداق كىچىك ئىش بولسۇن، ئۇنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ھەر كىمگە يۈكسەك ئادىل مۇئامىلە قىلىش پەيغەمبەرنىڭ تەبىئى ئادىتىدۇر.

6) فطانة ـ (زېرەكلىك)

الله پەيغەمبەرلىككە تاللىغان كىشىنى، شۇ قەۋم ئىچىدىكى ئەڭ چېچەن ئەڭ زېرەك كىشى قىلىپ يارىتىدۇ، چۈنكى ئۇ، شۇ قەۋمنىڭ يولباشچىسى.

7) الأمن من العزل ـ (قالدۇرۇلۇش ئېھتىمالى بولماسلىق)

الله بىر كىشىنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغاندىن كېيىن ئۇنى پەيغەمبەرلىكتىن قالدۇرۇپ قويۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلىك رىيازەت چېكىش، ئىلىم ياكى ئىبادەتتە تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ پەقەت الله نىڭ تاللىشى بىلەن ئاتا قىلىنىدىغان الله نىڭ بۈيۈك پەزلى ۋە چوڭ مەرھەمىتىدۇر. ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى الله ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى تاللاشتا خاتالىشىپ قالمايدۇ. الله بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر. تارىختىن بۇيان الله ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن يۈز مىڭلىغان پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىمۇ پەيغەمبەرلىكتىن قالدۇرۇلغان ئەمەس.

ئۈنىڭدىن باشقا ئۇلار ھەر قايسى ئەزالاردىكى تۇرلۇك



www.munber.rog

جىسمانى ئەيىبلەردىن ساق، تەن قۇرۇلۇشى راۋرۇس بولغان بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى راۋان بولسامىلىغى جىسمانى ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىچىكچىلەش ياكى دودوقلاش دەرىجىسىدە ئەمەس، پەقەت تىلدىكى بەزى سۆزلەردە راۋان بولالماسلىقتىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەھۋال ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ بېرىش بىلەن تولۇقلانغان. اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَضِيقُ صَدْرِي وَلَا يَنْطَلِقُ لِسَانِي فَأَرْسِلْ إِلَى هَارُونَ﴾

﴿(ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن) يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم راۋان ئەمەس، شۇڭا (ماڭا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن) ھارۇننى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكىن﴾. [سۈرە شۇئەرا 13 ـ ئايەت]

﴿وَأَخِي هَارُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِيَ رِدْءًا يُصَدِّقُنِي إِنِّي أَخَافُ أَنْ يُكَذِّبُونِ ❖ قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجْعَلُ لَكُمَا سُلْطَانًا فَلَا يَصِلُونَ إِلَيْكُمَا بِآيَاتِنَا أَنْتُمَا وَمَنِ اتَّبَعَكُمَا الْغَالِبُونَ﴾.

﴿قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن. اللّٰه ئېيتتى: «قېرىندىشىڭ



www.munber.rog



ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلارۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر»﴾ [سۈرە قەسەس 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر]

2 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ۋە تۈرى

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇمۇمى سانى ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە مەلۇمات يوق. ئەمما بىرقىسىم ئۆلىمالار بۇ ھەقتە تۆرلۈك مەنبەلەردىن ئىزدەنگەن. بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ مەشھۇرراقى بويىچە ئېيتقاندا: ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە جەمى بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر ئۆتكەن دېيىلدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى اللّٰه تىن ۋەھى قىلىنغان ئىشلارنى ئۆز قەۋىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىدە ئورتاق، ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىدىن ئارتۇق، بەزىلىرىنىڭ دەرىجىسى يوقۇرى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿تِلْكَ الرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ مِنْهُمْ مَنْ كَلَّمَ اللَّهُ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَاتٍ﴾

﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ اللّٰه ئۇلاردىن بەزىلىرى بىلەن سۆزلەشتى. بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى﴾ [سۈرە بەقەر



www.munber.rog

253 ـ ئايەت].

قۇرئان كەرىمدە يەنە پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئۈلۈلئەزمى (ئىرادىلىكلەر) نىڭ بارلىقى ئېيتىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئېتىراپ قىلىنغان قاراش: ئۈلۈلئەزمى بولغان پەيغەمبەرلەر جەمى بەش بولۇپ ئۇلار: نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئىبارەت.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُو الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِلْ لَهُمْ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن﴾ [سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەت].

پەيغەمبەرلەر يەنە مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ:

1 ـ: مۇرسەل ـ ئۆزىدىن ئىلگىرى پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئايرىم كىتاب نازىل قىلىنغان ۋە شۇ كىتاب ئاساسىدىكى يېڭى شەرىئەت بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر مۇرسەل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات نازىل قىلىندى



www.munber.rog



ۋە تەۋرات ئاساسىدىكى يېڭى شەرىئەت يەنى ئەينى چاغدىكى يەھۇدىي دىنى شەرىئىتى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تەۋراتتىن ئىلگىرىكى كىتابلار گەرچە ئۇمۇ بۇرۇن الله تىن نازىل قىلىنغان بولسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىل نازىل بولىۋىدى، بۇرۇن كۈچكە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان تەۋرات ۋە يەھۇدى دىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئىنجىلنىڭ ھۆكمى بويىچە خىرىستىيان دىنى كۈچكە ئىگە دىن بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم نازىل بولىۋىدى، بۇرۇن ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش دۇرۇس بولىۋاتقان ئىنجىل ئەمەلدىن قالدى. ھەممە بارلىق ئىنسانلار قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىشى ۋە قۇرئان كەرىم ئاساسىدىكى ئىسلام دىنى شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشى زۆرۈر بولدى. دېمەك، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارغا ئوخشاش يېڭى كىتاب نازىل قىلىنىپ يېڭى شەرىئەت بىلەن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇرسەل پەيغەمبەرلەردۇر. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە باشقا بارلىق كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، شۇنداقلا تا قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق دۇنيا مەۋجۇتلا بولىدىكەن قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام



www.munber.rog

شەرىئىتى الله رازى بولغان بىردىن-بىر قانونلۇق دىن بولۇپ قالدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾

﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تولۇق قىلدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.﴾ [سۈرە مائىدە 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

2 - : نەبى - يېڭى كىتاب نازىل قىلىنمىغان، پەقەت ئۆزىدىن ئىلگىركى پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ ھۆكمى بويىچە مېڭىش ۋە شۇ كىتاب ئاساسىدىكى شەرىئەتنى داۋاملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر، نەبى دەپ ئاتىلىدۇ. نەبى پەيغەمبەرلەر، ئاساسلىقى ئۆزىدىن ئىلگىركى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدىكى سوسلىشىپ قالغان تەرەپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شەرىئەتنى قايتىدىن جانلادۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ.

مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ نەبىيلىك ۋەزىپىسىمۇ ھەم بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مورسەل پەيغەمبەرنى، نەبى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما نەبىيلىك ۋەزىپىسى بىلەنلا كەلگەن پەيغەمبەرنى مورسەل دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: موسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن «يۇشەئ



www.munber.rog



ئىبنى نون» نەبىيدۇر.

3 - پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ سۈننىتى (ھەدىس)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىركى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن الله نىڭ ئەلچىسىدۇر.

بارلىق پەيغەمبەرلەرنى جۈملىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله نىڭ نىجاتلىق يولىغا چاقىرغۇچى الله نىڭ رەھمىتى ۋە جەننىتى بىلەن خوش-خەۋەر بەرگۈچى، الله نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلام دىنىمىزدىكى ئىماننىڭ رۈكنىسىدۇر.

كىمكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇماندا بولسا، يەنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قەتئى ئىشەنچ بىلەن چىن دىلىدىن مۇئەييەنلەشتۈرمەي ئارىسالدى بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا (136)



www.munber.rog

﴿ئى مۆمىنلەر! اللە غا، اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللە نى، اللە نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ [سۈرە نىسا 136 ـ ئايەت]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى اللە نىڭ ۋەھيسىنى ئۈممەتكە يەتكۈزۈش، يەنى قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈش. رەسۇلۇللاھ نىڭ مۇشۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش جەريانىدا ئېيتقان سۆزلىرى، قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە تەقرىراتلىرى "ھەدىس" ياكى "سۈننەت" دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ يېشىمى ۋە ئۇنىڭ رىئاللىققا تەدبىقلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. شۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش زۆرۈركى، رەسۇلۇللاھ نىڭ ھەدىسلىرى(يەنى سۈننەت)ئۇنىڭ شەخسى چۈشەنچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەر ـ بىر ئېغىز سۆزى اللە تائالانىڭ ۋەھيسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تېخمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، رەسۇلۇللاھ نىڭ دىن ئىشلىرىغا دائىر ھەرقانداق مەسىلە ھەققىدە ئېيتقان سۆزى ياكى ئىش ـ ھەرىكىتى اللە نىڭ ۋەھيسى بويىچە بولىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى ❖ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى ❖ وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ❖ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾



www.munber.rog



﴿ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾ [سۈرە نەجمى 1 ــ 4 ـ ئايەتكىچە]

ھەدىس شەرىفتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ماڭا قۇرئان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر ھەسسە بىلىم بېرىلدى» ئېنىقكى بۇ يەردە دېيىلگەن يەنە بىر ھەسسە بىلىم، ھەدىستۇر.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى رەسولۇللاھنىڭ ھەدىسىمۇ بىر تۈرلۈك ۋەھيى بولۇپ، گەرچە ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تىلىدا دېيىلگەن بولسىمۇ باشقا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن خارۇكتېر جەھەتتە روشەن پەرق قىلىدۇ. دېمەككى ھەدىسنى ئىنكار قىلىش اللە نىڭ ۋەھيسىنى ئىنكار قىلغانلىق، اللە نىڭ ئەلچىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. شۇڭا مۇئمىن مۇسۇلمان كىشى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشى، ھەدىس ھەققىدە قارا ـ قۇيۇق ئېغىز ئېچىپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىشى لازىم.

ئۇنداقتا قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقى نەدە؟

قۇرئان كەرىم اللە نىڭ ۋەھيسى ھەدىسمۇ مەلوم مەنىدىن اللە نىڭ ۋەھيسى، ئەمما بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پەرىق بار. بۇلار مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

⇦ قۇرئاننىڭ لەۋزى (يەنى تېكستى) ۋە مەزمونى اللە



www.munber.rog

تىن نازىل بولغان پىتى تۇراقلىق بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بىزگە شۇ پىتى يەتكۈزگەن، ھەدىس بولسا مەزمۇنى رەسۇلۇللاھ قا ۋەھى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن رەسۇلۇللاھ شۇ مەزمۇننى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن بىزگە ئىپادىلەپ بەرگەن.

⇦ شەرىئەت ئەھكامىنى تۇرغۇزۇشتا (يەنى ئىسلام قانۇنچىلىقىدا) قۇرئان كەرىم بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەنبە، ھەدىس بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

⇦ قۇرئان كەرىمنىڭ بىرەر ئايىتىگە ئىنكار قىلغۇچى ياكى قۇرئان كەرىمدىن چىققان قەتئىي ھۆكۈمدىن بىرەر ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمىغان كىشى، شەكسىز كاپىر بولىدۇ. ئەمما ھەدىس بولسا ئۇنداق ئەمەس ان شاﺋ الله، بۇ ھەقتە 7 ـ بابتا تەپسىلى توختىلىمىز.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزلىرى.

مۆجىزە ـ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى ئاجىز قالدۇرغۇچى ئىش (يەنى قارشى تەرەپنى پاكىت جەھەتتە ئامالسىز قالدۇرغۇچى) دىگەن مەنىدە.

ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئىستىلاھ مەنىسى بولسا، الله تائالا ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولىدا ۋۇجۇتقا چىقارغان خارىقى ئادەت (تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن ھالقىغان) ھادىسىلەر، مۆجىزە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەر قانداق پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزلىرى بولىدۇ. موسا



www.munber.rog



ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقايماس ئاق كېسەلنى بىر سىلاپلا ساقايتىۋەتكەنلىكى قاتارلىقلار الله نىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا نامايەن قىلغان قۇدرىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارغا الله تەرەپتىن بېرىلگەن مۆجىزلەر قاتارىدىندۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزلەر بېرىلگەن. پەيغەمبىرىمىز الله تائالا ئاتا قىلغان بۇ مۆجىزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ الله تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كىشىلەر ئىچىدە نامايەن قىلغان. ئاينىڭ يېرىلىشى، دەرەخ ۋە تاشلارنىڭ رەسول الله قا سالام بەرگىلى كەلگەنلىكى، بىر ئۇۋرىق سۈنىڭ رەسۇلۇللاھ نىڭ قولىنى تىقىپ قويۇشى بىلەن بەركەتلىنىپ سەكسەن نەچچە ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىشىغا يەتكەنلىكى، بوغاز بولمىغان ساغلىق پاخلاننىڭ يىلىنىدا رەسۇلۇللاھ نىڭ تۇتۇشى بىلەن سۈت ئافرىدە بولغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مۆجىزلەر بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى كىتابخاننىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن كۆرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ نىڭ ئەڭ بۈيۈك مۆجىسىدۇر. ئۇنىڭ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزلىرى بىلەن روشەن پەرق بار. ئىلگىركى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزلىرى شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈنلا ۋە شۇ سورۇندا بار بولغان كىشىلەر ئۈچۈنلا مۆجىزە بولالايدۇ، كېيىنكىلەرگە نىسبەتەن



www.munber.rog

ئۇ بىر ھېكايە بولۇپ قالىدۇ خالاس. ئەمما قۇرئان كەرىم بولسا زامان تەرەققى قىلغانسېرى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى، قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس روسول الله قا الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھى ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئېنىقلىنىدىغان ھالدا، تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىزچىل ھالدا نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئالچىسى ئىكەنلىكىنى ئىلمى رەۋىشتە ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پەقۇلئاددە مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر دەپ يەكۈنلەش مۇبالىغە ئەمەس، ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس، بەلكى، بىر ئىلمى ھەقىقەتتۇر.

دىققەت: «مۆجىزە» سۆزى ئىسلام ئەقىدىسىدە، پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدا يۈز بەرگەن تەبىئەت قانۇنىدىن ھالقىغان (خارىقى ئادەت) ئىشلارنى كۆزلەيدۇ. ئەمما بۇخىل ھادىسىلەر باشقا كىشىلەرنىڭ قولىدا سادىر بولسا ئۇنى مۆجىزە دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. گەرچە ئۇ كىشىلەرنى ۋاقتىنچە جەلىپ قىلالىغان بولسىمۇ.

## 5 ـ ئەۋلىيالارۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى.

مۇسۇلمان ئۆز ئەقىدىسىنى ۋە ئىمانىنى شىرىكتىن پاك تۇتۇشى ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدىكى نۇقتىينەزىرىنى بىلىۋېلىشى ناھايىتى مۇھىم.



www.munber.rog



## 1) ـ ئەۋلىيا

(اولياء)ـ ئەرەبچە «ولي» (يېقىن بولغۇچى) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك تۈرى بولۇپ «الله نىڭ يېقىن بەندىسى» دېگەن مەنىدە. دېمەك الله قا ئىخلاس بىلەن ئىمان كەلتۈرۈپ ئىسلامنىڭ يولىدا چىڭ تۇرغان تەقۋادار مۇسۇلمانلا بولىدىكەن، «ۋەلى، ئەۋلىيا» دەپ ئاتالسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ❖ الَّذِينَ آمَنُوا وَكَانُوا يَتَّقُونَ﴾

﴿«ئاگاھ بولغۇنكى الله نىڭ ئەۋلىيالىرىغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنۇچ، غەم قايغۇ يوق. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾ [سۈرە يۇنۇس 62 ـ 63 ـ ئايەتلىرى]

يۇقىرىقى ئايەتتە ئەۋلىيا دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە قۇرئان كەرىم بىزگە مانا شۇنداق ئېنىق چۈشەنچە بەرگەن.

خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى: ئەۋلىيالار قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق شەخسلەر ئەمەس، بەلكى، تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ يېقىن بەندىلىرى يەنى ئەۋلىيالىرىدۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تەقۋادارلىقتىكى دەرىجىسى يۇقىرى ـ تۆۋەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ الله قا يېقىنلىق دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ.



www.munber.rog

ئىسلام ئەقىدىسىدە ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى، بىردەك ھالەتتە ئەۋلىيا (يەنى اللە نىڭ يېقىن بەندىلىرى) نىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. كىشى اللە قا بولغان ئىمان ـ ئېتىقادىدا، اللە نىڭ سۆيەتلىرىگە بولغان مەرىپەتتە، اللە بۇيرىغاننى بىجا كەلتۈرۈش ۋە چەكلىگەندىن يىراق بولۇشتا، جۈملىدىن شەرىئەتكە تولۇق ئەمەل قىلىشتا كامىل بولغانسېرى اللە قا تېخىمۇ يېقىن بولغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممە تەقۋادار مۆئمىنلەر ئەۋلىيا دېگەن نامغا لايىق بولسىمۇ كۆپىنچە ھالλاردا ئەۋلىيا ئاتالغۇسى، يۇقۇرقى جەھەتلەردە ئەڭ كامىل كىشىلەرگە قارىتا قوللىنىش ئۆزلىشىپ قالغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ئەۋلىيالار اللە نىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىدۇر.

2 ) ـ ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى

اللە خالىغان چاغدا ئۆز ئەۋلىيالىرىنىڭ قولىدا تەبىئەت قانۇنىيىتىنى بۇزۇپ بەزى بىر خارقى ئادەت ئىشلارنى ئاشكارە قىلىدۇ. مانا بۇ ئەۋلىيانىڭ كارامىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنداق قىلىشتا اللە تائالا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئەشۇ يېقىن بەندىلىرىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ اللە قا ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ۋە ئۇلارنى ھەق يولدا ھەر قانداق قىيىنچىلىققا پىسەنت



www.munber.rog



قىلمايدىغان، ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ ئۆز ئېتقادىدىن قايتمايدىغان باتىلغا تىز پۈكمەيدىغان كامىل مۆئمىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

دېمەك كارامەت اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلارنى ئىززەتلەش يۈزىسىدىن قىلغان ئىلھاملاندۇرىشى ۋە ھەقتە چىڭ تۇرۇشقا قىلغان مەددىتىدۇر. شوڭا ئۇ، ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش دېگەن مەنىدىكى ”كەرامەت“ دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. مۇشۇ نۇقتىدىن، كارامەتنى ئەۋلىيالىقنىڭ بەلگىسى ۋە ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئەۋلىيالارنىڭ مەقسەت ـ نىشانى ئەمەس، شۇنداقلا ئەۋلىيالىقنىڭ شەرتىمۇ ئەمەس. ئەۋلىيالارنىڭ نىشانى بولسا اللە نىڭ شەرئىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تەقۋادا كامالەتكە يېتىش، شۇ ئارقىلىق اللە نىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

كىمكى كارامەت كۆرسىتىش مەقسىتىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتسە ۋە شۇنىڭ كويىدا بولسا ئۇ كىشى يولنى خاتا ماڭغان بولىدۇ. بۇنداق تىرىشچانلىق ئۇنى ئەۋلىيالىققا ئەمەس، شەيتاننىڭ يولىغا ئېلىپ بارىدۇ.

اللە نىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر مەخلۇقات تۈرلىرىنىڭ ھەر بىرىدە نۇرغۇن سالماقنى ئىگەللەيدۇ. خارىقى ئادەت ھادىسلىرى اللە نىڭ ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان يەنە بىر ۋاستە بولۇپ، اللە ئۆزىنىڭ بۇ خىل قۇدرىتىنى خالىغان چاغدا، خالىغان جايدا،



www.munber.rog

خالىغان مەخلۇقتا ئىز ھار قىلىشنى خالىسا قىلىۋېرىدۇ، بۇ الله قا ئاسان.

ئەگەر خارىقى ئادەت پەيغەمبەرنىڭ قولىدا كۆرۈلسە بۇ: ''مۆجىزە'' دەپ ئاتىلىدۇ. تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ قولىدا كۆرۈلسە ''كارامەت'' دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئىشلار شەرىئەت ئەھكامىغا ئەمەل قىلمايدىغان پاسىق كىشىلەرنىڭ قولىدا كۆرۈلسە ئۇنى ئەۋلىيانىڭ كارامىتى دەپ قاراش بىمەنىلىك. چۈنكى ئەۋلىيانىڭ كارامىتى دېگەن الله نىڭ يېقىن بەندىلىرىگە ئۇلارنى ئىززەتلەش يۈزىسىدىن الله تەرەپتىن بېرىلىدىغان پەزلى ـ مەرھەمەت. الله نىڭ ئەمرىنى بېجا كەلتۈرمىگەن ئاسىيلارغا بۇ خىل كارامەتنىڭ ئىلتىپات قىلىنىشى الله نىڭ تەبىئەتكە قاراتقان مەنتىقىسىغا ئويغۇن ئەمەس. الله ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ھەتتا تاش ـ تۇپراقلاردىمۇ ئىزھار قىلىۋېرىدۇ. بىر پاسىقنىڭ ياكى بىر كاپىرنىڭ قولىدا كۆرۈلگەن خارىقى ئادەت ئۇنىڭ ئەۋلىيا ماقامىغا يەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ قولىدا كۆرۈلگەن خارىقى ئادەت، ''كارامەت'' ئەمەس، بەلكى ئۇ، الله نىڭ ئۆز قۇدرىتىنى تاش ـ تۇپراق ياكى ھايۋاناتلاردا زاھىر قىلغىنىغا ئوخشاشلا بىر ھادىسە بولۇپ، شەخسنىڭ ئەۋلىيالىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى الله نىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھادىسىدىن ئىبارەت.

## 6. ئەۋلىيالارنى ھۆرمەتلەشنىڭ چېكى



www.munber.rog



ئىسلام ئەقىدىسىدە، مۇسۇلمان ئادەم ئەۋلىيالارغا بولغان ھۆرمەت جەھەتتە قايسى دەرىجىدە بولۇشى كېرەك ؟

ئەۋلىيالار الله قا ئىتائەت قىلىشتا، الله نىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆلگە بولغۇچى الله نىڭ يېقىن بەندىلىرىدۇر، شۇڭا ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى تىلغا ئېلىش، ئۇلارنىڭ تەقۋالىق ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەتلەشكە بولىدۇ. ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾

﴿شەكسىزكى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدىغىنىڭلار، ئەڭ تەقۋادارلىرىڭلاردۇر﴾ [سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

مانا بۇ ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئەۋلىيالارنى ھۆرمەتلەشنىڭ چەك ـ چېگرىسى. بۇ چەكتىن ھالقىپ ئەۋلىيالارغا سېغىنىش، ئۇلاردىن ھاجەتلىرىنى تىلەش، كېسەللىرىگە شىپا، قىيىنچىلىقلىرىغا ئاسانلىق سوراش، ئۇلارغا ئاتاپ مال بوغۇزلاش، يامغۇر، شامال، قۇرغاقچىلىق، مولچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەرنى ئۇلارنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولىدۇ دەپ



www.munber.rog

ئېتىقاد قىلىش ۋەھاكەزالار بولسا ئىسلامغا زىت خۇراپاتلىقلار بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقاد ئىسلام ئەقىدىسىگە تۈپتىن خىلاپتۇر. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىسى ئەۋلىيالارنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەشنى قوللايدۇ. ئەمما ئۇلار ھەققىدىكى ھەر خىل شىرىك ۋە خوراپاتلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

خارىقى ئادەت پەيغەمبەرنىڭ قولىدا كۆرۈلسە مۆجىزەدۇر، ئەمما ئەۋلىيانىڭ قولىدا كۆرۈلسە كارامەتتۇر. پەرق شۇ يەردىكى، پەيغەمبەر الله ئاتا قىلغان مۆجىزىنى مۇمكىنقەدەر كىشىلەرگە ئاشكارىلاشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھىدايەتكە كۆپرەك ئەگىشىشىنى كۆزلەيدۇ، ئەمما ئەۋلىيا بولسا، الله نىڭ ئۆزىگە كارامەت ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا كارامەت ئاتا قىلىنسا، ئۇنى يۇشۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىشىگە قىزىقمايدۇ، رىيادىن ئېھتىيات قىلىپ، كارامەتنى ئىزھار قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.



www.munber.rog



## بەشىنچى باب

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئاخىرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىماننىڭ يەنە بىر رۇكنىسىدۇر. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ياخشىلىق ياكى يامانلىققا ياتىدىغان ئىشلاردىن قايسىسىنى تاللىۋېلىشتا رولى كۆرۈنەرلىك بولىدىغان مۇھىم مەسىلە.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رۇكنى، ئىمان رۇكنىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم راقى دىيىشكە بولىدۇ. ئىماندا ئالتە رۇكنەبار بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا الله قا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئالاھىدە زىكىر قىلىنغانلىقى بۇ نوقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1 ـ ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى.

ئاخىرەت كۈنى، ھازىرقى ھاياتلىق ۋە ماددى دۇنيا پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ، ئاندىن باشلىنىدىغان، تەرتىپى، خارەكتىرى، جەريانى، زامان ـ ماكان چەكلىمىسى ۋە باشقا جەھەتلەردە ماددى دۇنياغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى بىر ھاياتلىقى شۇنداقلا



www.munber.rog

مەڭگۈلۈك ھەقىقى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈن ”قىيامەت كۈنى“ ياكى ”ئاخىرەت كۈنى“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈننىڭ يۈز بېرىدىغان مۇقەررەر كۈن ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم يۈكسەك ئىلمىلىككە ئىگە مەنتىقىۋى دەلىللەر بىلەن يەكۈنلىگەن.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالُوا أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا وَرُفَاتًا أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا ❖ قُلْ كُونُوا حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا ❖ أَوْ خَلْقًا مِمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ﴾

﴿ئۇلار: بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن راستىنلا قايتىدىن تىرىلدۈرۈلىمىزمۇ؟ دېيىشتى. ئېيتقىن: سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇۋېلىڭلار(الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ)﴾ [سۈرە ئىسرا 49 ـ 51 ـ ئايەتلەر].

﴿زَعَمَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنْ لَنْ يُبْعَثُوا قُلْ بَلَى وَرَبِّي لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾

﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللەغا ئاساندۇر»﴾ [سۈرە تەغابۇن 7 ـ



www.munber.rog



ئايەت].

﴿أَوَلَمْ يَرَ الْإِنْسَانُ أَنَّا خَلَقْنَاهُ مِنْ نُطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُبِينٌ ❖ وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ ❖ قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنْشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ﴾

﴿ئىنسان بىلمەمدۇ؟ بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئابى مەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (ياراتقان ئىگىسىگە) ئاشكارە خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى، ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ (قانداق) يارىتىلغانلىقىنى ئۇنۇتۇپ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلىسۇن؟» دېدى. ئېيتقىنكى: «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر شەيئىنى بىلگۈچىدۇر»﴾ [سۈرە ياسىن 77 ـ 79 ـ ئايەتكىچە].

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِنْ مُضْغَةٍ مُخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ وَمِنْكُمْ مَنْ يُتَوَفَّى وَمِنْكُمْ مَنْ يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِنْ بَعْدِ عِلْمٍ شَيْئًا وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنْزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاءَ اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنْبَتَتْ مِنْ كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ ❖ ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّهُ يُحْيِي الْمَوْتَى وَأَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ❖ وَأَنَّ السَّاعَةَ آتِيَةٌ لَا رَيْبَ فِيهَا وَأَنَّ اللَّهَ يَبْعَثُ



www.munber.rog

مَنْ فِي الْقُبُورِ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار(گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، (ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئالدى بىلەن) ئابمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە (قىسمەن) كىرگۈزۈلگەن ۋە (قىسمەن) كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بالىياتقۇدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (اللە تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ (يەنى اللە تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك



www.munber.rog



يارىتىشى)، اللەنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) اللەنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾ [سۈرە ھەج 5 ــ 7 ـ ئايەتكىچە]

شۇنداق! ئاخىرەت كۈنگە ۋە قايتا تىرىلىشقا گۇمان بىلەن قارىغان كىشى، ئۆزىنىڭ بىر تامچە مەنى ئىسپېرمىسىدىن قانداق قىلىپ تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەقىللىق ئىنسان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ بىر تال ئۇرۇقتىن قانداق باراقسان بولغانلىقىنى... ئويلاپ باقسا بولىدۇ.

2 ـ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالاتلار.

قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالاتلارنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىكى بايانلار ئاساسىدا مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

⇦ قىيامەت كۈنىنىڭ باشلىنىشى.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام اللّٰه نىڭ ئەمرى بىلەن سۇرنى بىرىنچى قېتىم پۈۋلىگەن چاغدا پۈتكۈل دۇنيا كومپەيكوم بولىدۇ. كائىناتتىكى اللّٰه قەپ قېلىشنى ئىختىيار قىلغاندىن باشقا ھەممە نەرسە كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ ھالاك بولىدۇ. جۈملىدىن ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ. ماددى دۇنيانىڭ



www.munber.rog

تارىخى تاماملىنىدۇ.

ئىككىنچى قېتىم پۈۋلەنگەندە ئەڭ دەسلەپكى كىشىلەردىن تارتىپ دۇنيا ۋەيران بولغانغا قەدەرپۈتكۈل تارىختا ئۆتكەن ئىنسانلار قايتا تىرىلىپ ياراتقان ئىگىسى ئالدىدا ئۆز قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن قىيامەت مەيدانىغا توپلىنىدۇ. مانا بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ نَفْخَةٌ وَاحِدَةٌ ❖ وَحُمِلَتِ الْأَرْضُ وَالْجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةً وَاحِدَةً ❖ فَيَوْمَئِذٍ وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ﴾

﴿بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا، زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ (بىر ـ بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ﴾

﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَنْ شَاءَ اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنْظُرُونَ﴾

﴿سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اللە(قەيقىلىشىنى) خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا دەرۋەقە ئۇلار (نېمىگەبۇيرىلىشىنى) كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ﴾ [سۈرە زۇمەر 68 ـ ئايەت].





⇦ توپلىنىش ۋە ھېساب بېرىش

قىيامەت كۈنى ھەممە ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىدىن الله ئالدىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىدۇ. بۇ كۈندە الله تائالا ئۆزى قازىلىق قىلىپ ئۆز مەخلوقاتلىرىغا يۈكسەك ھەققانىيەت ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى رويابقا چىقىرىدۇ. اللە نىڭ ھۆكمى بىلەن ھەققانىيەت ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. گۇناھكارلارنىڭ بىر گۇناھىغا پەقەت بىرلا جازا بېرىلىدۇ، ياخشى ئەمەللەرگە بولسا ئەڭ تۆۋىنى ئون ھەسسەساۋاپ بېرىلىدۇ، الله خالىغان بەندىلىرىنىڭ ساۋابىنى خالىغانچە زىيادە قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ گۇناھىنى ئېلىپ تاشلاپ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

قىيامەت ھەققىدىكى بايانلار قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپتە ناھايىتى كۆپ، خالىسىڭىز بۇلار ئىچىدىن مۇنۇ ئايەتلەرنى ئاڭلاپ قويۇڭ:

﴿فَإِذَا جَاءَتِ الصَّاخَّةُ ❖ يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ ❖ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ ❖ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ ❖ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ ❖ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُسْفِرَةٌ ❖ ضَاحِكَةٌ مُسْتَبْشِرَةٌ ❖ وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ❖ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ❖أُولَئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ﴾

﴿(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ



www.munber.rog

(يەنى بۇ گۇناھكار كاپىر مۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، پىدا قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ. ئۇ (ھەقتىن) يۈز ئۆرۈپ بۇرالغان ۋە پۇل ـ مال يىغىپ ساقلىغان (ئۇنىڭدىن اللەنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان) لارنى چاقىرىدۇ﴾

﴿يَوْمَئِذٍ تُعْرَضُونَ لَا تَخْفَى مِنْكُمْ خَافِيَةٌ ❖ فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَءُوا كِتَابِيَهْ ❖ إِنِّي ظَنَنْتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ ❖ فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَاضِيَةٍ ❖ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ❖ قُطُوفُهَا دَانِيَةٌ ❖ كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا أَسْلَفْتُمْ فِي الْأَيَّامِ الْخَالِيَةِ ❖ وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِشِمَالِهِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيَهْ ❖ وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيَهْ ❖ يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ ❖ مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيَهْ ❖ هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيَهْ ❖ خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ❖ ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ ❖ ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ ❖ إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ ❖ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ ❖ فَلَيْسَ لَهُ الْيَوْمَ هَاهُنَا حَمِيمٌ ❖ وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ ❖ لَا يَأْكُلُهُ إِلَّا الْخَاطِئُونَ﴾

﴿بۇ كۈندە سىلەر (اللەقا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر. نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ



www.munber.rog



قالدۇ). ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە باللىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزاڭ بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر﴾ [سۈرە ئەبەسە 33 ـــ 42 ـ ئايەتكىچە]

﴿يَوْمَ تَكُونُ السَّمَاءُ كَالْمُهْلِ ❖ وَتَكُونُ الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ ❖ وَلَا يَسْأَلُ حَمِيمٌ حَمِيمًا ❖ يُبَصَّرُونَهُمْ يَوَدُّ الْمُجْرِمُ لَوْ يَفْتَدِي مِنْ عَذَابِ يَوْمِئِذٍ بِبَنِيهِ ❖ وَصَاحِبَتِهِ وَأَخِيهِ ❖ وَفَصِيلَتِهِ الَّتِي تُؤْوِيهِ ❖ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ يُنْجِيهِ ❖ كَلَّا إِنَّهَا لَظَى ❖ نَزَّاعَةً لِلشَّوَى ❖ تَدْعُوا مَنْ أَدْبَرَ وَتَوَلَّى ❖ وَجَمَعَ فَأَوْعَى﴾

﴿ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ. تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. (ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياق، ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر.



www.munber.rog

ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقەت بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ. (ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ. نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، «ماڭا نامە ـ ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى». (اللە دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار. ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار». (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللەقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ﴾ [سۈرە مەئارىج 8 ـ 37 ـ ئايەتكىچە]



www.munber.rog



⇦ كەۋسەر

قىيامەت مەيدانىدا كىشىلەر ھېساب بېرىش جەريانىدا قاتتىق ئىسسىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا دۇچار بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى اللە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان كەۋسەر سۈيىدىن ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، كاپىرلار ۋە گۇناھى كەبىرە قىلغانلار بۇ يەردىن قوغلىنىدۇ. كەۋسەر ھەققىدە ئوتتۇز نەچچە ساھابىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: ئىمام مۇسلىمنىڭ ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى شۇ قاتاردىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر، ئەنەس مۇنداق دەيدۇ:«رەسۇلۇللاھ مەسچىتتە بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىدى، تۇيۇقسىز مۈگدىگەندەك بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى كۆتەردى، بىز: ـ ئى رەسۇلۇللاھ ! سىنى نېمە خۇشاللاندۇردى؟دەپ سورىدۇق، ئۇ: «ھازىر ماڭا بۇ سۈرە ۋەھى قىلىندى» دەپ، سۈرە كەۋسەرنى ئوقۇپ بەردى، ئاندىن: «كەۋسەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى، بىز: ـ اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر دېدۇق، ئۇ، بىزگە چۈشەندۈرۈپ: «كەۋسەر جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭ، رەببىم ئۇنى ماڭا (ئاتا قىلغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى سۈيىنى ئىچىدىغان كەۋسەر كۆلى ئەنە شۇ. ئۇنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ساندەك كۆپ» مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.rog

⇦ مىيزان تارازىسى

بۇ كۈندە الله تائالا ئۆز ئىلاھى ئادالىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، مىيزان تارازىسىنى تىكلەيدۇ، ھەربىر كىمنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى مىزان تارازىسىدا ئۆلچىنىپ، ئۆز كۆزىگە ئەينەن كۆرسىتىلىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمىلى بىلەن يامان ئەمىلىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى مىيزان تارازىسىدا كۆرگىنىدە، الله تائالانىڭ يۈكسەك ئادىل ھۆكمىگە ھېچقانداق غۇمى قالمايدۇ.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِنْ كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ﴾

﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾ [سۈرە ئەنبىيا 47 ـ ئايەت]

⇦ سىرات كۆۋرىكى



www.munber.rog



سىرات كۆۋرۈكى دوزاخ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىلا ئاندىن جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ مِنْكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا كَانَ عَلَى رَبِّكَ حَتْمًا مَقْضِيًّا﴾

﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر﴾ [سۈرە مەريەم 71 ـ ئايەت]

سىرات كۆۋرىكى ھەققىدىكى ھەدىسلەر خېلى كۆپ بولۇپ ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەشكە بولىدۇ:

سىرات كۆۋرۈكى مەھشەرگاھ بىلەن جەننەت ئارلىقىغا، دوزاخنىڭ ئۈستىگە قورۇلىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىلا ئاندىن نىجاتلىققا ئېرىشكىلى ۋە جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ھالىتى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەر چېقىن چاققاندەك تېزلىكتە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر چاپقۇر ئاتنىڭ تېزلىكىدە، بەزىلەر يۈگۈرگەن ھالەتتە، بەزىلەر ئادەمنىڭ نورمال مېڭىشى تېزلىكىدە، ھەتتا بەزىلەر ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ. سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئاستى تەرىپىدە غايەت زور ئىلمەكلەر بولۇپ سىرات كۆۋرىكىدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى، تېيىلىپ جەھەننەمگە چۈشۈپ كەتسە، بەزىلىرى شۇ ئىلمەكلەرگە ئىلىنىپ قىلىپ الله خالىغان ۋاقىتقىچە تۇرغاندىن كېيىن، يامىشىپ سىرات كۆۋرىكىنىڭ ئۈستىگە



www.munber.rog

چىقىپ، جەننەت تەرەپكە ئۆمىلىگەن هالدا ماڭىدۇ. قىسقىسى، هەرىكىم سىرات كۆۋرىكىدىن ئۆزىنىڭ نىيىتى ۋە ئەمىلىگە يارىشا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۆتىدۇ. ئى الله !بىزگە سىرات كۆۋرىكىدىن ئۆتۈشتە ئاسانلىق بەرگىن!بىزنى سىرات كۆۋرىكىدىن تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغانلار قاتارىدىن قىلمىغىن!ئامىن!!!

⇦ جەننەت ۋە دوزاخ

قۇرئان كەرىمدە ۋە رەسۇلۇللاھ نىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىدە جەننەت نازۇ ـ نېمەتلىرى ۋە دوزاختىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بايان قىلىنغان ئورۇنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى داۋاملىق تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭ تەرجىمە مەنىلىرىنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ تۇرىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا بۇ مەزمونلار خېلىلا تونۇشلۇق، شۇڭا، بۇ مەزموننى بىز ئايەت ۋە ھەدىستىكى بايانلار ئاساسىدا مۇنداق يەكۈنلەيمىز:

جەننەت ـ الله تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان مۇئمىن بەندىلىرىگە تەييارلىغان مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولۇپ ئىنسان كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدىغان، بەلكى، ئىنسان ئەقلىگە كىچىپ باقمىغان ھەرخىل نازۇ ـ نېمەتلەرگە تولغان ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ئىشقا ئاشۇرۇلغان ھاياتلىق ماكانىدۇر.

جەننەتنىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ، تۆۋەندىكىلىرى شۇلاردىن بىر قىسمىدۇر:





﴿وَقِيلَ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا مَاذَا أَنْزَلَ رَبُّكُمْ قَالُوا خَيْرًا لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا فِي هَذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةٌ وَلَدَارُ الْآخِرَةِ خَيْرٌ وَلَنِعْمَ دَارُ الْمُتَّقِينَ ❖ جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ لَهُمْ فِيهَا مَا يَشَاءُونَ كَذَلِكَ يَجْزِي اللَّهُ الْمُتَّقِينَ ❖ الَّذِينَ تَتَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ طَيِّبِينَ يَقُولُونَ سَلَامٌ عَلَيْكُمُ ادْخُلُوا الْجَنَّةَ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

﴿تەقۋادارلارغا: «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئەدىنى جەننەتلىرىگە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ، الله تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ﴾ [سۈرە نەھل 30 ـ 32 ـ ئايەتكىچە]

﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللەنىڭ هۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى هېچكىم بىلمەيدۇ﴾ [سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت]

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ ❖ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ ❖ يَلْبَسُونَ مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُتَقَابِلِينَ ❖ كَذَلِكَ وَزَوَّجْنَاهُمْ بِحُورٍ عِينٍ ❖ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ آَمِنِينَ ❖ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلَّا الْمَوْتَةَ الْأُولَى وَوَقَاهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ ❖ فَضْلًا مِنْ رَبِّكَ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾

﴿تەقۋادارلار هەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن، يۇققا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. (ئۇلارنى تۈرلۈك هۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىدۇق، شەهلا كۆزلۈك هۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار جەننەتتە (مېيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان هالدا (خىزمەتچىلەردىن) هەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) هېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، الله ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. (بۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾ [سۈرە دۇخان 51 ـ 57 ـ ئايەتكىچە]



www.munber.rog



﴿إِنَّ الَّذِينَ آَمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا ❖ أُولَئِكَ لَهُمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِنْ ذَهَبٍ وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ نِعْمَ الثَّوَابُ وَحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا﴾

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى هەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز. ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەهرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي! » [سۈرە كەهف 30 ـ 31 ـ ئايەت]

هەدىس قۇدۇسىدا كېلىشىچە الله تائالا ئېيتىدۇ: « سالىھ بەندىلىرىم ئۈچۈن، هېچ بىر كۆز كۆرمىگەن، هېچ بىر قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسان دىلىغا كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدىم »

دوزاخ ـ الله تائالانى ئىنكار قىلغان، الله نىڭ پەرىشتىلىرى، كىتابلىرى، پەيغەمبەرلىرى، ئاخىرەت كۈنى



www.munber.rog

ۋە تەقدىر قاتارلىقلاردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان، ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا كاپىرلارنىڭ مەڭگۈلۈك جايىدۇر.

ئۇلار دوزاختە ئوتتا كۆيدۈرۈلۈش، ئۇسساپ كەتسە (غسلين) غىسلىين (ئازاب جەريانىدا دەۋزەخىلارنىڭ ئالدى ـ كەينىن چىققان ئاجرالمىلار ۋە بەدىنىدىن چىققان قان ـ يىرىڭلار) ئىچۈرۈلۈش، قورسىقى ئىچىپ كەتسە زەققۇم (تىكەنلىك ئۇخشايدىغان، يىسە قورساق تويماي، ئەكسىنچە تېخىمۇ ئازابلىنىدىغان بىرخىل ئۇسۇملۇك)نى يېگۈزۈش ۋەيۇقىرى هارارەتلىك قايناقسۇ ئىچۈرۈش...

قاتارلىق ئازاب ۋە خورلۇنۇش ئىچىدە مەڭگۈ قالدۇرىلىدۇ. ئۇ يەردە ئۆلۈم مەۋجۇت بولمىغاچقا شۇ تەرىقىدە ئەبەدى ـ ئەبەد ئازاب چېكىدۇ، ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا هەرخىل خورلۇغۇچى روهى ئازابلار يېتىپ تۇرىدۇ.

﴿إِذَا أُلْقُوا فِيهَا سَمِعُوا لَهَا شَهِيقًا وَهِيَ تَفُورُ﴾

﴿ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ دەهشەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ﴾ [سۈرە مۇلك]

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾

﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار



www.munber.rog



قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [سۈرە نىسا 56 ـ ئايەت]

﴿فَمَنْ ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ❖ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُولَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنْفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ ❖ تَلْفَحُ وُجُوهَهُمُ النَّارُ وَهُمْ فِيهَا كَالِحُونَ ❖ أَلَمْ تَكُنْ آيَاتِي تُتْلَى عَلَيْكُمْ فَكُنْتُمْ بِهَا تُكَذِّبُونَ ❖ قَالُوا رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَالِّينَ ❖ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَالِمُونَ ❖ قَالَ اخْسَئُوا فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ﴾

﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار» دېيىلىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب



www.munber.rog

كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز». الله ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۇڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا ئېغىز ئاچماڭلار»﴾ [سۈرە مۇئمىنۇن 102 ـ 108 ـ ئايەتكىچە].

﴿إِنَّ شَجَرَةَ الزَّقُّومِ ❖ طَعَامُ الْأَثِيمِ ❖ كَالْمُهْلِ يَغْلِي فِي الْبُطُونِ ❖ كَغَلْيِ الْحَمِيمِ ❖ خُذُوهُ فَاعْتِلُوهُ إِلَى سَوَاءِ الْجَحِيمِ ❖ ثُمَّ صُبُّوا فَوْقَ رَأْسِهِ مِنْ عَذَابِ الْحَمِيمِ ❖ ذُقْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْكَرِيمُ ❖ إِنَّ هَذَا مَا كُنْتُمْ بِهِ تَمْتَرُونَ﴾

﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ. (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ﴾ [سۈرە دۇخان 43 ـ 50 ـ ئايەتكىچە]



www.munber.rog



﴿أَذَلِكَ خَيْرٌ نُزُلًا أَمْ شَجَرَةُ الزَّقُّومِ ❖ إِنَّا جَعَلْنَاهَا فِتْنَةً لِلظَّالِمِينَ ❖ إِنَّهَا شَجَرَةٌ تَخْرُجُ فِي أَصْلِ الْجَحِيمِ ❖ طَلْعُهَا كَأَنَّهُ رُءُوسُ الشَّيَاطِينِ ❖ فَإِنَّهُمْ لَآكِلُونَ مِنْهَا فَمَالِئُونَ مِنْهَا الْبُطُونَ ❖ ثُمَّ إِنَّ لَهُمْ عَلَيْهَا لَشَوْبًا مِنْ حَمِيمٍ ❖ ثُمَّ إِنَّ مَرْجِعَهُمْ لَإِلَى الْجَحِيمِ﴾

﴿بۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى) ياخشى زىياپەتمۇ؟ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟ زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئازاب قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەھرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ﴾ [سۈرە سافقات 62 ـ 68 ـ ئايەتكىچە]

﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ❖ ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ ❖ ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ ❖ إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ ❖ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ ❖ فَلَيْسَ لَهُ الْيَوْمَ هَاهُنَا حَمِيمٌ ❖ وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ ❖ لَا يَأْكُلُهُ إِلَّا الْخَاطِئُونَ﴾

﴿(اللـه دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ:



www.munber.rog

«ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار». (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللەقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ﴾ [سۈرە ھاققە 30 ـ 37 ـ ئايەتكىچە]

ئىمانسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى نىمە دېگەن يامان، نىمە دېگەن دەھشەتلىك ـ ھە!



www.munber.rog



## ئالتىنچى باب

## ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئىماندىكى يەنە بىر روكنىدۇر.

تەقدىر مەسىلىسى ئىسلام ئەقىدىسىدىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە نازۇك مەسىلە. بۇنىڭدا تەپەككۇرنى چۈشەپ قويماسلىق لازىم، ھەمدە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ رولىنى چېكىدىن ئاشۇرۋېتىپ خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئىسلام ئەقىدىسى، ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە مۇنداق قارايدۇ: ئىنسان مەۋجۇدات ئىچىدىكى بىر قىسىم شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەمما بارلىق مەۋجۇداتنىڭ مەلۇماتلىرى ئالدىدا ئىنساننىڭ بىلىدىغانلىرى ئاز بىر قىسىم بولۇپ، تېخى ئىنسان بىلمەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ھەممىگە مەلۇم، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۈممىتى



www.munber.rog

ئىچىدە ئۆز زامانىسىدىكى تەڭداشسىز بىلىم ئىگىسى دەپ تونۇلغان ئىدى، ئەمما ئۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىمى ئالدىدا گاڭگىراپ قالدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام موسا ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «كۆز ئالدىمىزدىكى ئوكيان اللە نىڭ ئىلمى بولسا، مېنىڭ بىلىدىغىنىم قۇشقاچ سۇ ئىچكەندە تۇمشۇقىغا يۇقۇپ قالغان يۇقۇندىدىن ئىبارەت.»

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أُوتِيتُمْ مِنَ الْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا﴾

﴿سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن﴾ [سۈرە ئىسرا 85 ـ ئايەت].

شۇڭا ئىنسان تەقدىر مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلغان چاغدا ئىنساننىڭ مەلۇمات دائىرىسى بىلەن اللە نىڭ بىلىش سۈپىتى ئارىسىدىكى پەۋقۇلئاددە پەرقنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم.

اللە پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقۇچى ھەمدە پۈتۈن شەيئىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتنى، ئۇنىڭ ھەقىقىيتىنى ۋە ماھىيتىنى تەپسىلىي رەۋىشتە بىلگۈچىدۇر. اللە بۇ شەيئىلەرنىڭ تەپسىلاتىدىن ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىدە ئۇنىڭغا لازىملىق بولغانلىرىنى ۋە ئاخىرەتتە اللە نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشكە لازىملىق بولغانلىرىنى تۈرلۈك مەنبەلەردىن





ئىنسانغا خەۋەر بەردى. ئىنسان ئەقلىنىمۇ ئۇنى بىلەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلدى.

ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئېھتىياجىدىن تاشقىرى ئىشلار ھەققىدە بولسا مەلۇمات بەرمىدى، ئىنسان ئەقلىمۇ ئۇنى ئىدرۇك قىلىشتىن ئاجىزدۇر.

تەقدىر مەسىلىسىمۇ ئىنسان ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپلا بىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان مەسىلىلەر قاتارىدىندۇر. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ سىر ھېكمىتىنى شەرھىيلەپ بېرىشكە ۋە بۇنى تەتقىق قىلىشقا بۇيرۇلمىغانلىقىنى، ئۇنداق قىلىشنىڭ ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئەستە ساقلىغان ھالدا، تەقدىر مەسىلىلىرىدە ئىسلام ئەقىدىسى نۇقتىنەزىرىدىن پىكىر يۈرگۈزۈشى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە اللە نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ نىڭ ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىلگەن چەكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى لازىم.

تەقدىرنى بېكىتكۈچى اللە دۇر، شۇڭا بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى اللە نىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىنلا تاپالايمىز. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىكى مەزمونلار ئاساسىدا تەقدىر ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

1). تەقدىرنىڭ ئاساسي مەزمۇنى



www.munber.rog

الله پــۈتكۈل كائىنــاتتىنىڭ ياراتقۇچىســى، هــەممىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى، يۈكسەك قۇدرەت ئىگىسى، هەممىنى تولۇق بىلگۈچى، ئۇ، مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى بولۇش سۈپــتى بىلــەن، مــەخلۇقاتنىڭ تــەقدىرىنى ئالدىنئــالا پۈتۈۋەتكەن، بۇ مەۋجۇداتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ھەققىدىكى يۈكسەك مۇكەممەل بولغان بىر ئالدىن بېكىتىش بولۇپ، كائىنــاتتىكى بارلىقىــا كېلىۋاتقــان يــاكى يوقىلىۋاتقــان نەرســلەر بولسۇن، ھەرىكەت يـاكى جىمجىتلىق بولسۇن، ياخشــىلىق ۋە يامــانلىق بولســۇن ھەممىســى الله نىــڭ تەقدىرىدە مۇپەسسەل يېزىلغان بولۇپ الله نىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنْثَى وَمَا تَغِيضُ الْأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُ وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِمِقْدَارٍ﴾

﴿ھەربىر ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇكىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەرتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ، ھەممىسىنى الله بىلىدۇ) بالىياتقۇلارنىڭ كىچىكلەپ ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنى (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ تۇغۇلغانلىقىنى) بىلىدۇ. الله نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾ [سۈرە رەئد 8 ـ



www.munber.rog



ئايەت]

﴿وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا عِنْدَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلَّا بِقَدَرٍ مَعْلُومٍ﴾

﴿قانداق نەرسە بولمىسۇن ئۇنىڭ خەزىنىسى (نىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر. بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز﴾ [سۈرە ھىجر 21 ـ ئايەت]

﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾

﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾ [سۈرە قەمەر 49 ـ ئايەت]

2). تەقدىر بىلەن ئىنسان ئىختىيارىنىڭ مۇناسىۋىتى

تەقدىر مەسىلىسىدىكى كىشىلەر قىزىقىدىغان ئەمما كۆپۈنچە ئېزىپ كېتىدىغان مەسىلە، الله نىڭ ئالدىن بەلگىلىۋېتىلگەن تەقدىرى بىلەن ئىنساننىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تاللاش ئىختىيارى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدۇر.

الله قا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمان، ئىنساندا ئىختىيار بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ھەمدە الله نىڭ ئىنسانغا ئۇۋال قىلمىغان ھالدا تەقدىرىنى ئالدىن بەلگىلەشكە قادىر ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنچ قىلىشى لازىم. ئىنساپلىق كىشى ئۈچۈن مۇشۇلا كۇپايە.

نۇرغۇن كىشىلەر تەقدىر بىلەن ئادەمدىكى ئىختىيارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇۋالالماي خۇراپاتلىققا چۆكۈپ



www.munber.rog

قالىدۇ، ياكى ئىماندىن ئايرىلىدۇ.

بىز تەقدىر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا قۇرئان ۋە ھەدىسنى مەنبە قىلغان، ئىسلام ئەقىدىسى نۇقتىنەزىرىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ئاساستا كەڭ دائىرىدە مۇلاھىزە قىلىشىمىز، ھەمدە قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەن چەكتە توختىشىمىز لازىمكى، ھەر خىل غەيرى ئەقىدىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىلا كۆچۈپ يۈرگەن «كوچا پاراڭلىرىغا» ئاساسلىنىپ بىر نېمە دېيىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بىز يوقىرىدىكى بابلاردا الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق، ھەمدە الله نىڭ بىلىش سۈپىتى بىلەن تونۇشتۇق ۋە الله نىڭ بىلىش سۈپىتى، زامان چەكلىمىسىدىن خالى بولۇپ، الله كېيىن بولىدىغان ئىشنى، خۇددى بۇرۇنقىنى بىلگەنگە ئوخشاش ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق.

بىز ئويلاپ باقايلى: بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئۇ ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن باشقا بىراۋ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئىشنى خاتىرىلەپ قويسا، بۇ يامان ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى كىمنىڭ زىممىسىدە بولىشى كېرەك؟ كېيىن يازغان ئادەم يامان ئىش قىلغۇچىنى يامانلىققا مەجبۇرلىغان بولامدۇ؟ ئېنىقكى بۇ يەردە خاتىرىلەپ قويۇش بىلەن يامان ئىش قىلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەجبۇرلاش مەۋجۇت ئەمەس، الله نىڭ ئالدىن بىلىشى بايىقى ئادەمنىڭ كۆرگەندىن كېيىن بىلىشىدىن ئېنىقراق ئەمەسمۇ؟



www.munber.rog



يۇقىرىقى مىسال، تەقدىر بىلەن ئىنسان ئىختىيارىنىڭ مۇناسىۋەت فورمىلاسى دېمەكچى ئەمەسمىز، پەقەت كىتابخاننىڭ ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشى ئۈچۈن مىسال كەلتۈردۇق.

الله نىڭ ھېكمىتى بىزنىڭ تولۇق بىلىشىمىزدىن ئۈستۈندۇر.

الله ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلىدىغان ئەقىلنى بەردى، ھەمدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تاللىۋېلىش ئىختىيارىنى بەردى. ئەقىل ئىگىسى شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنساننى ياراتقان الله ئىنساننىڭ كەلگۈسىدە قانداق يولنى تاللىۋالىدىغانلىقى ۋە نىمىلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىشكە قادىر.

ئەقىل ئىگىسى يەنە شۇنى بىلىشكە كېرەككى، الله ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان كىشىنىڭ قەلبىگە ھىدايەتنى سېلىشقا قادىر. ئۆزىمىز گۇناھنى قىلىپ قويۇپ، بىزگە ئەقىل - پاراسەتنى بەرگەن، گۇناھ بىلەن ساۋابنى بايان قىلغۇچى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن الله قا، مېنى نىمىشقا ھىدايەت قىلمىدىڭ؟ دېيىشكە ھەققىمىز يوق. مېنىڭ يامان ئىش قىلىشىمنى تەقدىرىمگە پۈتۈپ قويۇپسەن دېيىشكە تېخىمۇ ھەققىمىز يوق.

**3). تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ چەك - چېگرىسى**

ئىسلام ئەقىدىسىدىكى تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:



www.munber.rog

⇦ الله نىڭ تەقدىرى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەقدىردىن ھالقىغان ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس؛ ياخشىلىق ۋە يامانلىقمۇ تەقدىرگە پۈتۈلگەن.

⇦ الله نىڭ تەقدىرى بەندىلەرگە نىسبەتەن مەجبۇرى ۋە ناھەق رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى، الله نىڭ ئادالىتى ۋە يۈكسەك ھېكمىتى ئاساسىدىكى تەقدىردۇر.

⇦ تەقدىرنى مۇبالىغە قىلىپ ئىنسان ئىختىيارىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىش، ھەمدە ئىنسان ئىختىيارىنى مۇبالىغە قىلىپ تەقدىرنى ئىنكار قىلىش، ھەر ئىككىسى كۇپۇرلۇقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مىنىڭ ئۈممىتىمدىن ئىككى خىل كىشىلەر ئىسلامنىڭ ئىچىدە ئەمەس؛ بىرى تەقدىرنى ئىنسانغا مەجبۇرى دەپ قارىغۇچىلار، يەنە بىرى تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار.» دېگەن ئىدى.

⇦ تەقدىر ھەققىدە قۇرئان ھەدىستىكى بايانلارنى چەكتىن ھالقىغان ھالدا ئىنچىكىلەشتىن ساقلىنىش لازىم. ئىنسان، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان، ئەمما، تەقدىرنىڭ سىرىنى يېشىشكە بۇيرۇلغان ئەمەس. شۇڭا، « الله ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىنى ئالدىن تەقدىر قىلغۇچى، الله ئادىل ھېچبىرۋىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ھېچبىراۋنى گۇناھقا ۋە ئازابقا مەجبۇرلىمايدۇ، الله ھەممە ئىشىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى» دەپ ئىمان كەلتۈرۈشلا كۇپايە.



www.munber.rog

ئەقىدە
ئىسلام ئەقىدىسىن ساۋات

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئەمرىبنى شۇئەيب ئۆزدادىسىدى ۋە بۇۋىسىدىن مۇنداق ھەدىس بايان قىلىدۇ:« بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ چىقتى، كىشىلەر تەقدىر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ نىڭ يۈزى غەزەپتىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:« سىلەر نېمىشقا الله نىڭ كىتابىنى بەزىسىنى بەزىسىگە چېقىشتۇرىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىركىلەر مۇشۇنداق قىلىپ ھالاك بولغان.»

دېمەك تەقدىرنىڭ تەپسىلى جەريانىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇش خاتا چۈشەنچىگە، شەرئىەتكە خىلاپلىق قىلىشقا ۋە كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن تۈسقان. الله نىڭ قۇدرەت كامالىغا ئىشەنگەن كىشى الله نىڭ بەندىگە ئۇۋال قىلمىغان ھالدا تەقدىر بەلگىلەشكە قادىر ئىكەنلىكىدىن شەك قىلمايدۇ. بۇنى پەقەت الله نى ۋە الله نىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىشقا يۈچۈق ئىزدەۋاتقان ئازغۇنلارلا ئىنكار قىلىدۇ.

**4) تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇنى سۇئى ئىستىمال قىلغۇچىلار**

تەقدىرگە ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى باھانە قىلىپ دىندىن يۈچۈق ئىزدەش، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى زامانىمىزدىكى الله نى ئىنكار قىلىشقا يول ئىزدەۋاتقان كاپىرلارنىڭ ۋاستىسى بولۇپ كەلدى. الله قۇرئان كەرىمدە بۇخىل كاپىرلارغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:



www.munber.rog

﴿سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتَّى ذَاقُوا بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا إِنْ تَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ أَنْتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ ❖ قُلْ فَلِلَّهِ الْحُجَّةُ الْبَالِغَةُ فَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ﴾

﴿مۇشرىكلار، ئەگەر الله خالىغان بولسا بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق دەيدۇ، ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلاربولسا چىقىرىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، الله قا يالغاننى چاپلايسىلەر دېگىن. ئېيتقىنكى (سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار﴾ [سۈرە ئەنئام 148 ـ 149 ـــ ئايەتلەر]

ئايەتتە ئېيتىلغاندەك تەقدىرنى ئۆزىنىڭ يامان ئىشىغا باھانەقىلغۇچىلار ھېچقانداق ئاساسسىز تەقدىرگە بوھتان قىلىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا الله قا بوھتان قىلىدۇ.



www.munber.rog



ئويلاپ باقايلى بىر گۇناھنى قىلماقچى بولغان ئادەم شۇ گۇناھنى قىلىش تەقدىردە پۈتۈلگەن پۈتۈلمىگەنلىكىنى بىلەمتى؟ بىلمىگەن نەرسىنى قانداق پاكىت قىلىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ؟شۇڭا الله يۇقىرىقى ئايەتتە « سىلەر پەقەت گۇمانغا ئاساسلىنىسىلەر » دېدى. ئۇلارغا مۇشۇلا يېتەرلىك رەددىيە. پاكىتى بولمىغان ئادەمگە تەپسىلى پاكىت بايان قىلىپ رەددىيە بېرىش ھاجەتسىز.

زامانىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى تەقدىرگە دۆڭگەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدىغان كىشىلەر بار.

بىز ئۇنىڭغا جاۋابەن دەيمىزكى، سەن الله قا ۋە الله نىڭ قۇدرەت، ئىلىم، ئادالەت قاتارلىق كامالەت سۈپەتلىرىگە ئىشىنەمسەن؟ ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، الله قا ئىشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ تەقدىرىنى دەلىل قىلىشىڭ ئەقىلغا سىغمايدۇ، ئەگەر الله قا ۋە ئۇنىڭ كامالات سۈپەتلىرىگە ئىشەنسەڭ، سەن تەقدىر ھەققىدىكى چۈشەنچەڭنى شۇ ئاساستا تۈغۈرلىۋال. سەن لەۋھۇلمەھپۇزدا نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمىگەندىكىن، « بۇ گۇناھ مېنىڭ تەقدىرىمدە ماڭا پۈتۈپ قويۇلغان، شۇڭا بۇ گۇناھنى قىلسامۇ مەن ئاپئاق » دەپ قىلغان گۇناھىڭنى الله قا دۆڭگىمە!مەرھەمەتلىك الله ئۆز بەندىلىرىنى مەجبۇرى گۇناھ قىلدۇرۇپ ئاندىن ئازابلاشتەك ناھەقچىلىقنى قىلىشتىن پاكتۇر. ئۇ ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلمايدۇ.



www.munber.rog

5)تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش، سەۋەب قىلىشقا زىت ئەمەس.

ئىسلام دىنى تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ھەمدە ئاخىرەتتە الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبى بولغان شەرىئەت بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداپ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا، شۇنداقلا دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن تۇرلۇك ھالال كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇيدۇ، ھەرخىل ئىشلارغا يولۇققاندا ئۇنىڭغا ھالال يول بىلەن سەۋەب قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، تەقدىردە پۈتۈلگىنى بىشىمغا كىلىدىغۇ دەپ سەۋەب قىلماسلىق خاتا.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ئۇسامە ئىبنى شەرىكنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دىيىلىدۇ:مەن رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ يىنىغا كەلسەم ساھابىلەر خۇددى باشلىرىغا قۇش قونغاندەك تەرتىپتە ئولتۇرۇپتۇ، مەن سالام قىلغاندىن كىيىن ئولتۇردۇم، ئەرەبلەر ئۇياق بۇياقتىن كىلىپ سوراشتى:يا رەسۇلۇللاھ ! (كېسەللىرىمىزگە) دورا قىلساق بولامدۇ؟رەسۇلۇللاھ: «دورا قىلىڭلار، الله ئەززەۋەجەللە قېرىلىقتىن باشقا ھەرقانداق كېسەلگە داۋاسىنى ياراتقان» دىيدى. بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، كېسەلگە دورا قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىرىشچانلىقلار، تەقدىرگە ئىشىنىش بىلەن قارمۇ-قارشى ئەمەس.



www.munber.rog



ساھابىلەرمۇ تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەب قىلىشنى توغرا چۈشەنگەن. بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىلىشىچە: ئۆمەر رەزىيە الله ئەنھۇ شامغا كىتىۋاتقىنىدا ئۇ يەردە ۋابا تارقالغانلىق خەۋىرى يەتتى، ئۇ، مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارغا مەسلىھەت سىلىپ ۋابادىن ساقلىنىش ئۈچۈن قايتىشقا بىرلىككە كەلدى، ئۆمەر قايتىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئەبوئۇبەيدە ئۆمەرگە: الله نىڭ تەقدىرىدىن قاچىمىزمۇ؟ دىدى ئۆمەر: سىنىڭدىن باشقا كىشى مۇشۇنداق دىسىچۇ ئى ئەبۇ ئۇبەيدە !، ئەلبەتتە الله نىڭ تەقدىرىدىن الله نىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز... دىدى»

مومىن مۇسۇلمان كىشى ئىسلام ئەقىدىسىدە بۇلىمەن دەيدىكەن، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشى، قىلغان گۇناھىنى تەقدىر گە دۆڭگەمەسلىگى، ھەمدە تەقدىر بىلەن تىرىكچىلىك سەۋەبلىرىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

ئىماننىڭ يەتتىنچى رۇكنى ئۆلگەندىن كىيىن قايتا تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈش بولۇپ، بۇ قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن باغلىنىدىغان مەسىلە، شۇڭا بەزى ھەدىسلەردە قىيامەت بىلەن قايتا تىرىلىش بىر مەسىلە سانالغان، بۇ بۇيىچە بولغاندا ئىماندا ئالتە پەرھىز بولىدۇ. بەزى ھەدىسلەردە قىيامەت بىلەن تىرىلىش ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم سانالغان بۇ بويىچە بولغاندا ئىماندا يەتتە پەرھىز بولغان بولىدۇ.



www.munber.rog

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش مەسىلىسى، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىكى ھالقىلىق مۇھىم مەسىلە بولغاچقا بەزىدە ئايرىم بىر رۇكنى دەپ بېكىتىلگەن.

قىيامەت بىلەن تىرىلىش، ئەسلى بىر مەسىلە بولغاچقا بەزىدە بىر رۇكنى سانالغان، شۇڭا، ئىماندا ئالتە رۇكنى دېگەن سۆز بىلەن ئىماندا يەتتە رۇكنى دېگەننىڭ قارىمۇقارىشلىقى يوق، پەقەت بىرىدە تەپسىلى، بىرىدە يىغىنچاق ئۇسۇل قوللىنىلغان.

كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا، دىيارىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، «ئىماندا يەتتە پەرھىز» دېگەن قاراش بويىچە سانىغان ئىدۇق، ئەمما بۇ يەردە يەتتىنچى پەرھىز «ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن رۇكنى ئۇچۇن ئايرىم باب تەسىس قىلمىدۇق، چۈنكى، بۇ ھەقتە 5 ـ بابتا توختالدۇق



www.munber.rog



# يەتتىنچى باب

## ئىماننى يوققا چىقىرىدىغان ئىشلار

ئالدىنقى بابلاردا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم مەزمونلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتۇق، نۇقتىلىق قىلىپ ئىمان مەسىلىلىرىنى ئۆگەندۇق. بۇ بابتائىمانغا زىت بولغان، يەنى ئىمانى بار ئادەمنى ئىمانسىز قىلىۋېتىدىغان ئىشلار توغرىسىدا توختىلىمىز. ئىماندىن چىقىرىۋېتىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىمانسىز يەنى كاپىر قانداق قىلىپ موسۇلمانغا ئايلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قىسقا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1)** ـ كاپىر قانداق قىلىپ موسۇلمانغا ئايلىنىدۇ.

شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، موسۇلمان دېگەن بۇ نام «ئۇيغۇر قازاق ياكى خەنزو» دېگەندەك قان سېستىمىسى بويىچە ئاتىلىدىغان مىللەت ناملىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇيغۇر نىمىنى يېسۇن، نىمىنى كەيسۇن قانداق دۇنيا قاراشنى قوبۇل قىلسۇن، ئۇ ھامان ئۇيغۇر، چۈنكى ئۇنىڭ قان سېستىمىسى ئۇيغۇر قېنىغا تەۋە. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر ۋاق ناماز ئوقۇماي، بىر كۈن روزا تۇتماي، ھەرخىل دىندا ھارام قىلىنغان ئىشلارنى



www.munber.rog

بىمالال قىلىپ يوروپ «بىزمۇ ئىككى مۇسۇلماندىن تۇغۇلغان مۇسۇلمان» دېگىننى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ ئىسلام دىنىنى قىلچە چۈشەنمىگەنلىك.

«دىن» دېگەن كىشىنىڭ ئېتىقادىغا باغلىق بولىدىغان نەرسە. قانداقتۇ ئىككى مۇسۇلماندىن تۇغۇلۇپ قالسىلا «موسۇلمان» دېگەن نام ئۇنىڭغا ئاتامىراس قالىدىغان نەرسە ئەمەس.

بۇ يەردە گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرۇكېلىدۇ. بىز يۇقۇردىكى بابلاردا ئىماننىڭ ئاساسى نۇقتىلىرىنى يەنى ئىماندىكى پەرھىزلەرنى ئۆگەندۇق. ئىسلام دىنى ھەرقانداق سەۋىيەدىكى، ھەرقانداق ئېتىقادتىكى ئادەمنى شەرتسىز قوبۇل قىلالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر ئىلغار دىن بولۇپ، بىر ئادەم مۇسۇلمان بولماقچى بولسا، بىز يوقۇردا ئۆگەنگەنۈپ ئۆتكەن ئىمان ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىلەن بىرلەپ تونۇشۇپ چىقىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. بەلكى بۇ مەزمونلار ھەر خىل سەۋىيەدىكى كىشىلەر ئۈچۈن قولاي. شۇنداقلا ئىسلام ئەقىدىسىگە ئام بولغان شاھادەت كەلىمىسى يەنى "لا إلــه الله إلا الله محمــد رﯕسذلذللاه" "بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى" دېگەن ئىككى جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلانغان بولۇپ، كىم مۇشۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى دىلىدا تەستىقلاپ، تىلىدا





ئېيتسا كاپىرلىق ھالەتتىن مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ. ئىمان، ئىسلام مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە پەقەت رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق يېتىدىغان بولغاچقا الله نى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئاندىن قالغانلىرىغا يول ئېچىلىدۇ.

بۇ ھەرگىزمۇ "لا إلــه الله إلا الله محمــد رﯕســذلذللاه" ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچى دېگەنلىك ئەمەس ئەكسىچە بۇ ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئىمان مەسىلىرىنى ئۆگۈنۈۋۈشتە چوڭقۇرلاشقانسىرى الله نىڭ بىرلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئەمدى ھەقىقي چۈشۈنۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئىماندىكى ئالتە پەرھىز مۇشۇ كەلىمىنىڭ كونكىرتلاشقان تەپسىلاتىدىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ بۇنىڭ بىرنەچچىسىنى كەلتۈرىمىز: ئىمام مۇسلىم ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمكى «بىرالله دىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرسە. الله ئۇنىڭغا دوزاخنى هارام قىلىدۇ.»»

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت



www.munber.rog

قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەسۇلۇللاھ نىڭ ئۇلىقىغا مىنگىشىۋالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى مۇئاز ! دېدى، مۇئاز: لەببەيك ئى رەسۇلۇللاھ! دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئى مۇئاز! دېدى، مۇئاز - لەببەيكە ئى رەسۇلۇللاھ ! دېدى، ئۈچ قېتىم شۇنداق دېگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ دېدىكى: «كىمكى چىن دىلىدىن « بىرالله دىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىكەن، الله ئۇ كىشىنى دوزاخكە ھارام قىلىدۇ» مۇئاز: ئى رەسۇلۇللاھ !بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلمايمۇ؟ ئۇلار خوشاللانسۇن. دېۋىدى رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالىدۇ» دېدى. مۇئاز بۇ ھەدىسنى جان ئۈزەر ۋاقتىدا (ھەدىس يوشۇرغانلىق گۇناھى بولۇپ قىلىشىدىن) قورقۇپ بايان قىلدى» بۇخارى ئىلمىنىڭ بابى دېگەن بابتا كەلتۈرگەن.

بۇ ھەدىسلەرنى نۇرغۇن كىشىلەر خاتا چۈشۈنىۋالغان، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دېگەن نامغا ئامراق، ئەمما مۇسۇلمانچىلىق يولىدا مېڭىشنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر بۇ ھەدىسلەرنى خاتا چۈشىنىپ كەلدى.

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن "لا إله إلا الله محمد رسو الله" دېگەنگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ۋە تىلىدا ئىقرار قىلغان ئادەم مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا،



www.munber.rog



مۇسۇلمان كىشى الله قا، پەيغەمبەرگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئىكەن، الله نىڭ شەرىئىتىگە ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە قانداق پوزىتسىيە دە بولۇشى كېرەك؟ئۇ الله نىڭ جەننىتىگە تەلپۈنەمدۇ، الله نىڭ ئازابىدىن قورقامدۇ؟ الله بۇيرىغان شەرىئەتتىن قانچىلىك ئورۇندىيالىدى؟ پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرەلىدى؟

ئوتنىڭ كۆيدۈرىشىگە ئىشەنگەن ئادەم، كۆيىۋاتقان ئوتقا ھەرگىز قولىنى تىقمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئوتنىڭ كويدۇردىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدۇ، الله قا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ئادەم، ئىختىيارسىز ھالدا الله نىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ئەگەر شۇنداق ئىشنى سادىر قىلىپ قويسا بىئارام بولىدۇ ۋە تەۋبىگە ئالدىرايدۇ.

گۇناھلارنىڭ ئىچىدە يايراپ يۈرگەن، الله نىڭ شەرىئىتىنى تونۇمايدىغان، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە قارىشى چىقىدىغان ھالەتلىرىدە مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىدىغان كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىمىزكى، سىلەر يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى تەتۈر چۈشىنىپ ئۆزەڭلارنى ئالدىماڭلار! بولمىسا ئىمان سىلەرگە قانداق ئاسان كىرگەن بولسا شۇنداق ئاسان چىقىپ كىتىدۇ.

2) مۇسۇلمان قانداق قىلىپ كاپىرغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

بىز يۇقىرىدا ھەرقانداق ئادەم شاھادەت



www.munber.rog

كەلىمىسىنى چىن دىلىدىن تەستىقلاپ تىلىدا ئىقرار قىلسا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقنى بىلدۇق. بەزى مۇسۇلمانلار ئۆز ئىمانىدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئاخىرەتتە ئاسان ھېساب بېرىپلا جەننەتكە ئېرىشىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىمانغا ئانچە ـ مۇنچە گۇناھلارنى ئارلاشتۇرۇپ ئاخىرەتتە مەلۇم ئازاب تارتقاندىن كېيىن، ئاندىن جەننەتكە ئۆلىشىدۇ. بەزىلەر بولسا بۇ ئىماندىن ئايرىلىپ ئەبەدىل ـ ئەبەد دوزاختە كۆيىدىغان كاپىرلاردىن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا قانداق ئىشلار، قانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەر مۇسۇلمان ئادەمنى ئىماندىن ئايرىۋېتىدۇ؟

شۇنىسى ئېنىقكى، كىشى نېمە بىلەن مۇسۇلمان بولغان بولسا شۇنىڭ بىلەن كاپىر بولىدۇ، بىزگە مەلۇم ئادەمنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئېتقادى كونتىرول قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شاھادەت كەلىمىسىنى يوققا چىقىرىشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز ياكى ھەرىكەت، شۇ كىشىنىڭ ئىماندىن يانغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم ئۇقماي بۇ خىل سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلسا، ئۇنىڭغا مۇنداق قىلساڭ ئىماندىن ئاجرايسەن دېيىلسە، ئۇ چۆچۈپ بۇنىڭدىن يانسا، ئۇ مۇسۇلمان. ئەگەر شۇ پېتى تۇرىۋەرسە ئۇ ئىماندىن ئاجرىغان بولىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسىدە كىشىنى ئىماندىن ئايرىپ



www.munber.rog



قويىدىغان ئىشلارنى كونكرېت قىلىپ مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا ياتىدىغان سۆز ياكى ھەرىكەتلەر.

(2) الله نىڭ يەككە ـ يېگانىلىك، ھەممىنى بىلىش، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى، ھايات، كۆرۈش، ئاڭلاش، ئىرادە قىلىش، قىسقىسى، الله نىڭ كامالات سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ياتىدىغان، ياكى شۇ سۈپەتلەرنى ئىنسانلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىتىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر. مەسىلەن: ئىنسانلاردا بولىدىغان بالىلىق بولۇش، خوتۇن ئېلىش قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن الله نى سۈپەتلەپ قويۇش. الله نىڭ بىلىشى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئۈچ زامان بىلەن باغلىنىدۇ دەپ قاراش دېگەنگە ئوخشاشلار.

(3) الله نىڭ ئىبادەت قىلىنىشتا بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكىگە زىت بولغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر. مەسىلەن: الله دىن تىلەيدىغان نەرسىلەرنى الله نىڭ غەيرىدىن تىلەش، روكۇ، سەجدە، روزا، قۇربانلىق ئۈچۈن مال بوغۇزلاش قاتارلىق ئىبادەتكە ياتىدىغان ئىشلارنى الله نىڭ غەيرىگە ئاتاپ قىلىش، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق: ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىبادەتنىڭ بىرەرسىنى الله نىڭ غەيرىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر. نۇرغۇن



www.munber.rog

كىشىلەر بىلىپ ـ بىلمەي مۇشۇ خىل كۇپرى بىلەن كاپىربولۇپ كەتتىدۇ، ھاجەتلىرىنى مازار ـ مەشايىخلەردىن ياكى ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەرلەردىن تىلەش، مۇشۇ خىل كۇپرىغا ياتىدۇ. ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالەر بولسا بىزنىڭ ئۇلۇغلىرىمىز، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەت قىلساق، ئۇلارنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى سۆزلىسەك بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسەك، ھاجەتلىرىمىزنى ئۇلاردىن تىلىسەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلساق، ئۇلارنى خۇدالىق ئورنىغا كۆتۈرۈپ قويغان بولىمىز، ھالبۇكى ئۇلار خۇدا ئەمەس. نەتىجىدە ئۇلاردىن ھاجەت تىلىگەن كىشى ئىماندىن ئاجرايدۇ، ئۇلار بولسا ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدۇ. مازارلار بولسا ياخشى كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت، بىز قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىغا الله نىڭ رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى الله دىن تىلەپ دۇئا قىلساق بولىدۇ، ئەمما مازارلاردىن ھاجەت تىلىگەن كىشىمۇ يوقۇرىقىغا ئوخشاشلا ئىماندىن ئاجرايدۇ. ئىسلام شەرىئىتىگە زىت بولغان ھەر خىل خۇراپاتلىقلار يامراپ كەتكەن بۇ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا مۇسۇلمان ئادەم بۇ خىل مەسىلىلەرگە سەزگۈر بولمىسا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ھەرگىزمۇ مەن الله قا ئىشەندىمغۇ دەپ، بۇ



www.munber.rog



مەسىلىگە سەل قاراپ قويماسلىقى لازىم.

ئوت پەرەس، بۇت پەرەسلەرمۇ بىر ياراتقۇچىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ياراتقۇچىغا قىلىدىغان ئىبادەتنى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە قىلغاچقا، ياراتقۇچىدىن سورايدىغان ھاجىتنى بۇتلاردىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن سورىغاچقا كاپىر بولۇپ كەتكەن.

ئەمما يەنە بىر تۈرلۈك ئادەملەردىن، ئادەتتە ئىنسانلاردىن سورىلىدىغان بەزى بۇيۇملارنى، بەزى ئېھتىياجلىرىمىزنى، ئىنسانلار ئارا بولىدىغان ئۆز ئارا ياردەمنى سورىغانلىقىمىز كۇفرىغا ياتمايدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئىشلار ئىبادەت ئەمەس، بەلكى كىشىلىك مۇناسىۋەت.

كۇپرىنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ تۈرى ماھىيەتتە "لا إله إلا الله" نى ئىنكار قىلىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. چۈنكى بىر الله نى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭ قۇرئاندا ئېيتىلغان سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، بىر الله نى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا الله نى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتۇر.

تۆۋەندە "محمد رسول الله" نى ئىنكار قىلغانلىقتا ياتىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە سۆزلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ خىل كۇپرىنى مۇنداق ئىككى چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.



www.munber.rog

بىرىنچى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ياكى شەكلىنىش. مەسىلەن:مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك سۈپەتلىرى (بۇ سۈپەتلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانىدا قەيت قىلىنغان) دە ئەيىبلەش، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش، مەسخىرە قىلىش، مەنسىتمەسلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز ـ ھەرىكەتلەر.

ئىككىنچى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە الله تەرىپىدىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ئىچىدىن ھەرقانداق بىرىنى ئىنكار قىلىش. بۇ قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىس جۈملىدىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندە بۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمىز.

**1) قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلىش**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تەرىپىدىن بىزگە يەتكۈزگەن مەلۇماتلار، مۇتەۋاتىر، مەشھۇر، ئاھاد دەپ ئايرىلىدۇ، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تەرىپىدىن بىزگە يەتكۈزگەنلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئىچىدىكى ھەربىر ئايەت مۇتەۋاتىر دەرىجىسىدىدۇر.

مۇتۋاتىرنى ئىنكار قىلىش شەكسىز ئىماندىن



www.munber.rog



چىقىرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەتنى ئىنكار قىلىش، كىشىنى ئىماندىن چىقىرىۋېتىدۇ.

مەسلەن:

قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بۇيرۇلغان ناماز، روزا، ھەج، زاكات، جىھاد... قاتارلىق پەرھىزلەرنى ئىنكار قىلىش.

ــ قۇرئان كەرىم ئېنىق چەكلىگەن، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق.

ــ قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەن ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، ياكى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەن تارىخى شەخسلەرنى تارىختا ئۆتمىگەن دەپ قاراش.

ــ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، شەيتان ۋە جىنلارنىڭ مەۋجودلىقى، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى، پەرىشتىلەر، جەننەت، دوزاخ، ئەرش، كۇرس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غەيبى ئىشلارنى ئىنكار قىلىش.

ــ قۇرئاننى ئىنكار قىلىش ئەلۋەتتە يۇقىرىقى مىساللاردىنلا ئىبارەت ئەمەس.

ئومۇمەن قۇرئان كەرىمنىڭ بىرەر ئايىتىنى ئىنكار قىلغان ھەر قانداق كىشىدىن ئىمان شەكسىز چىقىپ كېتىدۇ.



www.munber.rog

2) ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تەرىپىدىن بىزگە يەتكۈزگەنلىرى مۇتەۋاتىر، مەشھۇر، ئاھاد دەپ ئايرىلىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ بۇ خىل ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش ئىماندىن چىقىرىدۇ. ئەمما مەشھۇر ياكى ئاھاد دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش بولسا كونكرېت ئەھۋالغا قارىتا بولىدۇ.

3). شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىش

شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە ھەدىستىن كەلگەن، شۇڭا ئۇ مەزمۇن قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئىچىدە داخىل. ئەمما شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە ۋە قويۇق ئالاقىسى بولغانلىقتىن بۇنى ئايرىم بىر تۈر قىلىپ كەلتۈردۇق ۋە بىر قەدەر تەپسىلىرەك بايان قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى چوڭ خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ھاكىمىيەت مەسىلىلىرىدىن تارتىپ، شەخسىي ئىشلارغىچە ھەممىسىگە ئالاقىدار.

بۇلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغان ئىماندىن ئايرىغۇچى ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

● ئىسلام شەرىئىتىگە زىت بولغان ھەر قانداق



www.munber.rog



پارتىيە ياكى ھاكىمىيەتنىڭ شەرىئەتكە زىت نىزامنامە ۋە قانۇنلىرىنى ھىمايە قىلىش.

● ئىسلام شەرىئىتىنى قانۇن قىلغان دۆلەت قۇرۇشقا ياكى ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزۈشكە قارشى چىقىش.

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾

﴿(ئى مۇھەممەد) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقاسىنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچە غۇم قالمىغان دەرىجىدە، پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ». [سۈرە نىسا 65 - ئايەت].

مانا بۇ ئايەت ئىسلام شەرىئىتىدىن باش تارتقان كىشىنىڭ قەتئىي كاپىر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاشكارا ھۆكۈم.

⇦ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە قارشى تۇرىدىغان كاپىرلار ۋە ھاكىمىيەتلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش.

شەرىئەتنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىسلامنى كۇفرى ھاكىمىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇش كويىدا بولغان ھاكىمىيەتمۇ ئوخشاشلا



www.munber.rog

ئىسلام شەرىئىتىگە قارشى ھاكىمىيەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۈپ قانۇنى ۋە كېتىۋاتقان ئاساسى يۆلىنىشى ئىسلام شەرىئىتىنى ئىنكار قىلىشنى، ھەتتا يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل ھاكىمىيەتكە يانتاياق بولىۋاتقان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىماندىن چىقىپ كاپىر بولۇپ كېتىشنى ئويلاپ قويۇشى لازىم.

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تَرَى كَثِيرًا مِنْهُمْ يَتَوَلَّوْنَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَبِئْسَ مَا قَدَّمَتْ لَهُمْ أَنْفُسُهُمْ أَنْ سَخِطَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَفِي الْعَذَابِ هُمْ خَالِدُونَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان (بۇ) ئەمەلىي نېمە دېگەن يامان، (بۇ ئەمەللىرى) ئۇلارغا الله نىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابتا قالغۇچىلاردۇر﴾. [سۈرە مائىدە 80 ـ ئايەت].

﴿بَشِّرِ الْمُنَافِقِينَ بِأَنَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ❖ الَّذِينَ يَتَّخِذُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ أَيَبْتَغُونَ عِنْدَهُمُ الْعِزَّةَ فَإِنَّ الْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ❖ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعًا﴾

www.munber.rog





﴿(ئى مۇھەممەد) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەتنى ئۈمىد قىلامدۇ؟ شەكسىزكى ھەممە ئىززەت الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى: سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرى ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا ئۇلار باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا ئۇلارغا (يەنى كاپىرلارغا) ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنى ۋە كاپىرلارنى بىرلىكتە جەھەننەمگە يىغىدۇ﴾ [سۈرە نىسا 138 ـ 140 ـ ئايەت].

بۇ يەردە كاپىرلارغا يېقىنلىشىش دېگەندە ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ، پارتىيە، ھاكىمىيەت ۋە شەخسلەرگە يېقىنچىلىق قىلىش ۋە مايىل بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن:

ـ ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پىلانىغا قارىتا ئىش كۆرۈش.
ـ ئۇلارنىڭ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش
ـ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش.
ـ ئۇلارغا دوستانىلارچە مۇئامىلىدە بولۇش.
ـ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش.
ـ مۇھىم ئىشلاردا ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىنى

www.munber.rog

سوراش.

ــ مۆئمىنلەرنى قويۇپ ئۇلار (كاپىرلار) بىلەن سىرداش بولۇش.

ـــ ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇش.

ــ ئۇلاردىكى ئادەتلەرنى ياقتۇرۇپ ئۇلارنى دوراش.

ـــ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار، ئۇلارغا يېقىنلىششقا كىرىدۇ.

ئەمما مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە قارشى چىقماي پەقەت ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بولىۋاتقان كاپىرلار بىلەن سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم قىلىش، سوۋغا قىلىش ۋە سوۋغا ئېلىش قاتارلىق تىرىكچىلىكتىكى بەزى مۇئامىلىلەرنى قىلىش بولسا دۇرۇس.

بۇ ھەقتە اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ ❖ إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ ﴿(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن دىندا قارشىلاشمىغان سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اللہ سىلەرنىڭ



www.munber.rog



ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن ۋە ئۇلارغا ئادىل بولۇشىڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. اللہ ھەققەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. اللہ پەقەت، دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن قارشىلاشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن سىلەرنى توسىدۇ. كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ئۇلار زالىملاردۇر﴾ [سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

⇦ ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزۈشكە نارازى بولۇش.

زامانىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلايدۇ. ئەمما ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يۈرگۈزىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئىسلام شەرىئىتىنى ياقتۇرمايدىغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

⇦ ئىسلام شەرىئىتىنى ياكى شەرىئەتكە ئەمەل قىلغان مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش.

بەزى كىشىلەر ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلايدۇ. ئەمما ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆزىچە زامانىنىڭ كەينىدە قالدى دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىسلامى ئادەتلىرىنى، ئاياللارنىڭ ئىسلامى كىيملىرىنى ۋە ئىسلام شەرىئىتى دائىرىسىدىكى ھەر خىل ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ نىجىس ئىدىيەسى بىلەن



www.munber.rog

ئۆلچەپ مەسخىرە قىلىدۇ، ھەمدە شۇ ھالى بىلەن مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىدۇ.

سەن ئۆزەڭنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

سەن مۇسۇلمان بولساڭ ئىسلام شەرىئىتىنى رەسۇلۇللاھ نىڭ سۈننىتىنى تۇتقان ئادەمنى نىمىشقا مەسخىرە قىلىسەن؟

سەن بۇنداق قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتنى تۇتۇش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمايسەن. سېنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭ دوزاختىكى قاخشاتقۇچ ئازاب!.

ئومۇمەن ئىسلام شەرىئىتىنى ئىنكار قىلىش، چەتكە قېقىش، مەسخىرە قىلىش، ئۇنى يۈرگۈزۈشنى ياقتۇرماسلىق ۋە شۇنىڭغا ياتىدىغان كۆز قاراش، سۆز ۋە ھەرىكەتلەر، مۆئمىننى كاپىرغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار! ئىمان بىزنى بۇ دۇنيادا ئىنسانى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىباھا گۆھەر. كۇفرى بولسا، بۇ دۇنيادا ئىنساننى، ئەخلاق مىزانىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنسانلىق قىممىتىنى يوقىتىدىغان، ئاخىرەتتە بولسا، دوزاخ ئوتىدا ئەبەدى ـ ئەبەد كۆيۈشكە سەۋەب بولىدىغان نىجاسەت.



www.munber.rog



بىز كۇفرىدىن ئىبارەت نىجاسەتتىن يىراق بولايلى!

ئىماندىن ئىبارەت گۆھەرنى قەدىرلەيلى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ساقلىنايلى! الله ھەممىمىزگە ھىدايەت ئاتا قىلسۇن!



www.munber.rog

## خاتىمە

## ئىسلام دىنى ۋە ئۈيغۇرلار

ئىنسان دۇنياغا كېلىپ، كۆز يۇمغىچە بولغان پانى دۇنيادىكى ھاياتى جەريانىدا، ئۇنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە تۆرلۈك تەلەپلىرى، ئېھتىياجلىرى ۋە زەرورىيەتلىرى بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان مەيلى قانداق ئىدىلوگىيەنى يېتەكچى قىلمىسۇن، قانداق دىنغا ئېيتقاد قىلىپ، قانداق بىر مەسىلەكتە ماڭمىسۇن، ئۇ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولغان مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىرگە، ماددى جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنىمۇ تاشلاپ قويالمايدۇ.

ئۇنداقتا بىز، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى دۇنيالىق نىجاتلىق يولى دەپ تەكىتلەۋاتقان ئىسلام دىنى بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ ؟

كېلىڭ ! بىز ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى ”قۇرئان كەرىم“ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى رىئاللىقىدىن بۇ سۇئالنىڭ جاۋابىنى بىللە ئىزدەپ باقايلى!



www.munber.rog



ئىسلام دىنى قانداقتۇ ماتېرىيالىزىمچىلاردەك ماددى مەنپەئەتلەرگە دۇم چۈشۈپ، ئىنسان روھىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان، ياكى بۇددىزىم ۋە خرىستىيانلاردەك ئىبادەت ۋە ئەخلاقنى تەكىتلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىنساننىڭ زەرور بولغان ماددى تەلەپلىرىنى بوغۇپ تاشلايدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى ھالدا ئىنساننىڭ روھىيەت ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەشنالىقىنى تولۇق قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھاياتلىقتا زەرور بولغان ماددى ئېھتىياجلىرىنىمۇ قاندۇرۇشقا يېتەرلىك يول قويىدۇ.

دېمەك ئىسلام، الله تائالا مۇشۇ ئۇچۇرلاشقان دەۋىردىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىق يولى بولۇشقا تاللىغان بىردىنبىر دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە تەڭ ئېتبار بېرىدىغان بىر زامانىۋى دىن بولۇپ، ئۇ، ئىنساننىڭ الله ياراتقان زېمىندىكى نېمەتلەردىن ئۆز يولىدا پايدىلىنىپ، بەختلىك ياشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىنساننى، ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككىنچى بىر ھاياتلىق دونياسىدا مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولىغا يېتەكلەيدۇ. مانا بۇ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتتۇر. ئىنسان بەختلىك بولۇشنى، ھەر ئىشتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشنى ۋە ئۆزل-كېسىل نىجاتلىققا ئېرىششنى ئويلايدۇ. بۇ نىجاتلىقنىڭ ۋە ئىنسان كۆز تىكىۋاتقان بۇ بەختنىڭ سىرى نېمە؟



www.munber.rog

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى: بۇنىڭ سىرى ۋە ئاچقۇچى الله نىڭ قولىدا. ئىككى دۇنيا بەخت ـ سائادىتىگە الله قا ئاسىيلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىنى تاشلاپ قويۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە يەر يۈزىدە ئۇنىڭ شەرئىيىتىنى قانۇن قىلىپ ئىجرا قىلىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. الله كائىناتنى ياراتتى، ئىنساننى ياراتتى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيىتىنى بەلگىلىدى. كائىناتتىكى ھەر بىر پىلانېت ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. جۈملىدىن ئىنسانمۇ ئەنە شۇ قانۇنىيەتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. قورساقنى تويغۇزۇش ئۈچۈن تاماق يېمەي بولمايدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق. يەنە شۇنىڭدەك شەك يوقكى، ھاياتى دۇنيادىن ئىبارەت الله ياساپ چىققان بۇ ”ئۆسكۈنە“ دىن ئۆز يولىدا پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەممە مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، بۇ ”ئۆسكۈنە“ نىڭ ”چۈشەندۈرۈشى“ بولغان ”قۇرئان كەرىم“ بەلگىلىملىرى (ئىسلام شەرئىتى) بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك بولىدۇ. خۇددى مۇئەييەن مىقداردىكى تاماقنى ئىستېمال قىلغاندىلا ئاندىن قوساق تويىدىغانلىقى قانۇنىيەت بولغانغا ئوخشاش، ”قۇرئان كەرىم“ نى ھاياتقا ھەقىقىي ۋە تولۇق تەدبىقلىغاندىلا، ئىككى دۇنيانىڭ



www.munber.rog



جۈملىدىن مادىدى دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە پاراۋانلىقىغىمۇ ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەم، الله ئالدىنئالا بېكىتىۋەتكەن بىر قانۇنىيەتتۇر. بۇ نوقتىنى قۇرئان كەرىمدە الله تائالا بىزگە ئۈچۈق خەۋەر بەرگەن:

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ وَلَكِنْ كَذَّبُوا فَأَخَذْنَاهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

﴿ئەگەر شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسمان ـ زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ئۇلارغا ئېچىۋېتەتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق﴾ [سۈرە ئەئراف 96 ـ ئايەت]

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْكِتَابِ آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأَدْخَلْنَاهُمْ جَنَّاتِ النَّعِيمِ ❖ وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُوا التَّوْرَاةَ وَالْإِنْجِيلَ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِمْ مِنْ رَبِّهِمْ لَأَكَلُوا مِنْ فَوْقِهِمْ وَمِنْ تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ مِنْهُمْ أُمَّةٌ مُقْتَصِدَةٌ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ سَاءَ مَا يَعْمَلُونَ﴾

﴿ئەگەر ئەھلى كىتاب (الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي) ئىمان ئېيتسا ۋە (الله چەكلىگەن ئىشلاردىن) پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىز چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم



www.munber.rog

نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق. ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)، ئۇلاردىن بىر جامائە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار) توغرا يولدىدۇر. ئۇلار نىڭ نۇرغۇنلىرى نېمىدېگەن يامان ئىش قىلغۇچىلار﴾ [سۈرە مائىدە 65 ـ 66 ـ ئايەتلەر].

پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى بۇ قانۇنىيەتنى ئۆز رىياللىقىدا سانسىز قېتىم ئىسپاتلىدى. ئىسلام تارىخىمۇ ئوخشاشلا بۇ خىل قانۇنىيەت ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ، مۇسۇلمانلار الله نىڭ كىتابىنى تۇتقا قىلىپ، ئىسلام شەرئىتىنى تولۇق ئىجرا قىلغان رەسۇلۇللاھ ۋە تۆت خەلىفە دەۋرىدىن باشلانغان ئەنە شۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسى، ھەربى كۈچ... ھەممە جەھەتتە ئۈستۈنلىككە ئېرىشىپ، ئۈچ قىتئە ھالقىغان ئىسلام خەلىپىلىكى، دۇنيانى زىل ـ زىلىگە سېلىپ، ئالەمشۇمۇل شانلىق تارىخنى قالدۇردى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مىڭ يىل مابەينىدىكى تارىخىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئەينەن





تەكرارلىدى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام شەرئىتى بويىچە ماڭغان دەۋردە ھەر جەھەتتە روناق تاپقان، جۇملىدىن مەدەنىيىتى گۈللىنىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مەدىنىيىتى خىلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن، ھەتتا شۇ دەۋردە قەشقەر، ”سانى بۇخارا“ (ئىككىنچى بۇخارا) دەپ تونۇلغان ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى كەبى مۇتەپەككۇر ئالىملار مەيدانغا كىلىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى دۇنياۋى نامايەندىلەر بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلاردىكى ئېتىقادسىزلىق، مەنىۋى نامراتلىق، روھىيەتتىكى چۈشكۈنلۈك، ماددى جەھەتتىكى قالاقلىق ۋە ئارقىدا قىلىش، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قاچاندىن بېرى چاپلىشىۋالدى؟ بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

سۆيۈملۈك ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم! بىز كالللىمىزدىن ئاتىزىم نىجاسەتلىرىنى تازلىۋېتىپ، غەرپىنىڭ چىرىندىلىرىنى چىقىرۋېتىپ، سۇغۇققانلىق بىلەن تارىخىمىز ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى.

”تاماق يەيمەن“ دىگەن سۆزنى تەكرارلاۋەرگەنگە، ياكى تاماق يېيىشنى ئارزو قىلغانلىق بىلەن قۇرساق تويمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلىقنى

قۇرۇق دەۋا قىلىپ قويۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنى ھاياتقا ئەمەلى تەدبىقلىماسلىق بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېچ مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھ تىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئېيتتىكى، «ئىمان دېگەن ئارزو قىلىش ۋە ياكى دوراپ قۇيۇش بىلەن ئىمان ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، ئۇ قەلبتە ئورۇنلىششى ۋە ئەمەلىيەت ئۇنى ئىسپاتلىشى كېرەك.»

الله ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىنى ئۆز تەسەررۇپى ئاستىدا ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى. بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىپ نىجات تاپىمىز دەيدىكەنمىز، بۇنىڭ ئاچقۇچى ۋە سىرى بولغان الله قا ھەقىقي ئىمان كەلتۈرۈشنى ۋە ئۇنى ئۆز ھاياتىمىزغا تولۇق تەدبىقلاشنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. ئىسلامنىڭ ئىبادەت قىسىملىرىغا ئەمەل قىلىپ، سودا ـ سېتىق، ئىجتىمائى ۋە سىياسى قىسىملىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان، ئۆزىمىزگە قولاي بولغان قىسمىغا ئەمەل قىلىپ ”ۋەزىيەت كۆتۈرەلمەيدىغان“ قىسىملىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان، ئۆزىمىز كۆنۈپ قالغان ۋە ئۆزىمىزگە ياققان قىسمىغا ئەمەل قىلىپ، ياقمىغان قىسمىنى تاشلاپ قويىدىغان بۇنداق ”چالا مۆئمىن“ لىكنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىسلامغا چىن





قەلبىمىز بىلەن ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلايلى! شۇندىق قىلغاندىلا ئۇستۇنلۇك، ئەزىزلىك، مۇۋەپپەقىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ئىككى دۇنيادىكى نىجاتلىق بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئىسلام مانا شۇنداق ھەقىقي ئىسلام ئىدى. بۇ بولسا الله نىڭ ئىنسانىيەتكە قاراتقان قانۇنىيتىدۇر.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَافَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر!ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار(يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» [سۈرە بەقەرە 208 ـ ئايەت].

﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

﴿بۇمېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (الله نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ



www.munber.rog

دوزاختىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾ [سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەت]

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَلَكِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿غەلىبە اللهقا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ اللهنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾

﴿سُنَّةَ اللَّهِ الَّتِي قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلُ وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا﴾

﴿بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۆمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) اللهنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، اللهنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى اللهنىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)﴾

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ.

www.munber.rog